# تىل ۋە تەرجىمە

3

2003



LANGUAGE AND TRANSLATION

语言与翻译

ٴتىل جانە اۋدارما

ISSN 1002-9036

## ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئۇستۇرۇپ تەيىنلەش خىزمىتى نىزامى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى



ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش شې يۈمىي كۇرس ئاخىرىدا خۇلاسە سۆزى قىلماقتا

5- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە ئىككى كۈن داۋاملاشقان بۇ كۇرسقا ش ئۇ ئا ر تىل- يېزىق كومىتېتىدىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 34 نەپەر رەھبىرىي كادىر قاتناشتى. كۇرس باشلانغاندا مۇدىر مۇھەممەد ئېلى سەپەرۋەرلىك سۆزى سۆزلىدى. كۇرستا «پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئۇستۇرۇپ تەيىنلەش خىزمىتى نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بۇ نىزامنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق ، ھۆججەتلىرى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى. «ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى ئۇستۇرۇپ تەيىنلەش خىزمىتى قائىدىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇھاكىمە قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن پروفېسسور تەكلىپ قىلىنىپ «رەھبەرلىك سەنئىتى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كۇرس ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش شې يۈمىي خۇلاسە سۆزى قىلىپ، بۇ قېتىمقى كۇرسنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە كۇرسقا قاتناشقان رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇپ، رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۇستۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

## ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى



مۇدىر مۇھەممەد ئېلى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى» ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىمەكتە

ئاپتونوم رايونىمىز تىل- يېزىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل- يېزىقنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە تىل- يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى مۇدىر مۇھەممەد ئېلى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسى جايلاردا «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى» بويىچە مەخسۇس لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ، «قائىدە»نى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاساس سالدى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئەتراپلىق ئىگىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاندى.




ھەرقايسى جايلاردا ئېچىلغان مۇھاكىمە ۋە لېكسىيە يىغىنلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

## ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ج ك پ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

بۇ يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىق خاتىرە كۈنى. پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىق قۇتلۇق كۈنىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، كومىتېتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى نامايان قىلىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىش ئۈچۈن ئورگان پارتكومى كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ يېقىندىن قوللىشى بىلەن 6- ئاينىڭ 27- كۈنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئالدى بىلەن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان پارتىيە ئەزالىرى ھەيۋەت بىلەن پارتىيىگە قەسەم بەردى ۋە كونا، يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. ئاندىن تىل- يېزىق كومىتېتىدىكى ھەرقايسى بۆلۈم- باشقارمىلار ئارا پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەش تېمىسىدىكى خور ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا كومىتېتتىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قاتناشقان ناغرا چېلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت ئاخىرىدا مۇسابىقىلەرنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ، 1- دىن 3- گىچە دەرىجىگە ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى.



خور ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ... 1- ئىنچى دەرىجىگە ئېرىشكەن ... ۋە تەرجىمە ... مەركىزىدىكى خادىملار




كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى خور ئېيتماقتا

بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئارقىلىق كومىتېتتىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە، سوتسىيالىزمغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى نامايان قىلىنىپ ۋە يەنىمۇ ئۇرغۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچ- ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيتىلدى.

# تىل ۋە تەرجىمە

(پەسىللىك ژۇرنال)

2003 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 146 ـ سان)

1982 ـ يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىندى

ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ

باش مۇھەررىر

**مۇھەممەد ئېلى**

مەسئۇل مۇھەررىر

قوشۇمچە جاۋابكار مۇھەررىر

**ئابدۇزاھىر تاھىر**

مۇھەررىر، قوشۇمچە جاۋابكار كوررېكتور

**مۇنىرە ئابدۇۋەلى**

كوررېكتور

**ئايدىن نەبى**

مۇقاۋىسى پىلانلىغۇچى

**ئا . ت . مۇراد**


## تىل تەتقىقاتى


1 ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ......... قەييۇم مىجىت
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ھەققىدە ئىزدىنىش
6 .......................................سىدىقجان ئىبراھىم
12 «قەدىر» ۋە «ئاللا» سۆزلىرىنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا......... ئابدۇرەئوپ پولات
تىلىمىزدىكى بىر ـ ئىككى سۆزنىڭ ئىملاسى ۋە مەنىسى توغرىسىدا مۇلاھە-
14 زە............................................ يولۋاس راشىدىن
قومۇل شېۋىسىدىكى بىر قىسىم ياردەمچى تىل ئېلېمېنتلىرى توغرىسىدا
16 ........................................... خالىدە روزى
جانلىق تىلىمىزدا نامۇۋاپىق ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم سۆز ـ ئى-
18 بارىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە ......................... دىلبەر ئەھەت
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداشلارنىڭ ئىسىملىشىشى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمە-
19 يىتى ................................................ ئابدۇۋەلى ئايۇپ
« ـ لىق // ـ لىك، ـ لۇق // ـ لۈك» ۋە «زار» قوشۇمچىلىرىنى توغرا
21 ئىشلىتەيلى .............................. ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان


## تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى


22 «بازارلىق سۆزلەر» توغرىسىدا پاراڭ.................. توختى باقى ئارتىشى
25 ئېغىز تەرجىمىسى توغرىسىدا ............................ مۇھەممەد تۇردى
بەزى ئانئورگانىك ماددىلارنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى
28 توغرىسىدا ........................................... راھىلە يۈسۈپ
31 رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ................ زۆھرە بارات
تەرجىمىدە سۆز تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك..........................
33 ........................... زۆمرەت بارات، مەھەممەتتۇرسۇن توختى
35 تەرجىمىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئىجادىيلىقى ھەققىدە .......... گۈلبوستان غاپپار
37 ئېغىزچە تەرجىمىدە قانداق قىلغاندا تېز خاتىرىلىگىلى بولىدۇ؟..........ئابلەت ئابدۇللا


## سۆز ـ ئاتالغۇلىرىمىز تارىخى


38 «يېشىل كارتا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە......... ئاينۇر ئابدۇرېشىت


## بىزنىڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىز


40 ئاتاقلىق تىلشۇناس، تۆھپىكار مائارىپچى ـــ خەمىت تۆمۈر......... ئا. ت. مۇراد


## ئاتالغۇشۇناسلىق تەتقىقاتى


ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىشى
43 ھەققىدە مۇلاھىزە........................................ ئالىم خەسەنى


## مەشھۇر شەخس، مەشھۇر ئەسەرلەر تىلى تەتقىقاتى


زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا......................
48 ............................ ئەكبەر قادىر، خەلچەم مەھەممەت

## ئىسىم - فامىلە تەتقىقاتى


يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لاردا قەبىلە ۋە فامىلە.................. زۇمرەت غاپپار 52
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە..........
........................................ھەمدۇللا ئابدۇراخمان 56


## ئاتالغۇلار سالونى


خەنزۇ تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا........
.............................................. ئالىمجان ئابدۇرېشىت 57
خەنزۇچىدىكى 吧بىلەن كەلگەن يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىپادىلىنىـ
شى.............................................. دىلمۇراد جامال 58
特困سۆزىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا.......................... ئېلاخۇن قۇربان 59
بىرنەچچە سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم...... تۇرسۇنئاي روزى 60
بىر - ئىككى ئاتالغۇنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە مۇلاھىزە............. گۈلمىرە ھەبىبۇللا 61


## خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى


ئالىي كەسپىي مائارىپىدىكى ئاغزاكى تەرجىمە ئوقۇتۇشى توغرىسىدا.....مېھراي ئىسھاق 62
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت ئامىلىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.........
...................................قەيسەر ئەخمەت، مۇكەررەم نىياز 66
خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆز تەرتىپلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان
مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا......................... رابىيە ئابدۇرېھىم 69


## تىل - يېزىق ، تەرجىمە ، ئاخبارات - نەشرىيات ۋە ئوقۇتۇش ئورگانلىرىمىز


ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى........
........................ (تەييارلىغۇچىلار: ئا. ت. مۇراد، جاۋ جېڭيى) 72


## قىسقا خەۋەرلەر


ش ئۇ ئا ر 5 - قېتىملىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىلمىي ماقالىلە-
رىنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى .............................. 74
ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ھەرقايسى ۋىلايەت،
ئوبلاستلارنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىل-
دى......................................( مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە )
ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «پارتىيە ھۆكۈمەت
رەھبىرى كادىرلىرىنى تەيىنلەش خىزمىتى نىزامى»نى ئۆگىنىش كۇرسى
ئاچتى......................................( مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە )
ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىقىنى قۇتلۇقلاپ، تەبرىكلەش پا-
ئالىيىتى ئۆتكۈزدى.........................( مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە )
**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە** .............................. 75


* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق تىلشۇناس، تۆھپىكار مائارىپچى — خەمىت تۆمۈر ئەپەندى.


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىندى

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 41 - قورۇ 830001)
تېلېفون: 2887942 (0991)

ئۈرۈمچى «كېخىڭ» رەڭلىك باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى دۆلەت ئىچىگە تارقىتىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 16 - 58
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002-9036

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1016 / H

چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: Q1114

باھاسى: 5.00 يۈەن

# 语言与翻译

(维吾尔文) 季刊

2003 年第 3 期

总第 146 期

1982 年 创刊

季中月 20 日出版

本刊用维吾尔、汉、哈萨克、柯尔克孜、蒙古五种文版出版

主办单位

新疆维吾尔自治区

民族语言文字工作委员会

新疆翻译工作者协会

总编

**穆罕默德·艾力**

主 编

兼责任编辑

**阿不都扎伊尔·塔伊尔**

编辑兼责任校对

**穆妮拉·阿不都外力**

校 对

**阿依丁·乃比**

编辑出版:《语言与翻译》杂志社

地 址: 乌鲁木齐新华南路 41 号

邮政编码: 830001

电 话: (0991)2887942

印 刷: 新疆科恒彩印有限公司

发 行: 乌鲁木齐市邮局

订 阅: 全国各地邮局

邮局代号: 58-16 定价: 5.00 元

国外发行: 中国国际图书贸易总公司

(北京 399 信箱)

国际标准刊号: ISSN 1002-9036

国内统一刊号: CN65-1016/H

国外发行刊号: Q1114


## 语言研究


社会语言学及其科学价值 ........ 克优木·米吉提 1

现代维吾尔语新词新语初探 ........ 斯迪克江·伊布拉音 6

qədir 和 alla 的正字探讨 ........ 阿布都若夫·普拉提 12

论现代维吾尔语中几个词的词义及正字 ........ 尤力瓦斯·热西丁 14

哈密土语中的部分附加成分浅谈 ........ 哈丽代·如则 16

论口语中经常用错的几个词语 ........ 迪丽拜尔·艾海提 18

维吾尔语动名词的名词化及其意义 ........ 阿布都外力·阿尤甫 19

要正确使用构词附加成分 liq//lik, luq//lyk 和 zar ........ 阿布都哈帕尔·阿布都热合曼 21


## 翻译理论与实践


浅论现代维吾尔语中的"赶时髦用语"现象 ........ 托乎提·巴克·阿尔图什 22

浅论口语翻译 ........ 穆罕默德·土尔地 25

部分无机物术语的原始名称及其翻译 ........ 热依拉·玉苏普 28

广播新闻翻译质量浅谈 ........ 佐合热·巴拉提 31

要重视翻译中的选词问题 ........ 祖米来提·巴拉提,麦麦提土尔荪·托合提 33

浅谈翻译的科学性与创造性 ........ 古丽波斯坦·哈帕尔 35

浅谈口语翻译的速记法 ........ 阿不来提·阿不都拉 37


## 词语索源


谈 jeʃil karta 一词的来源 ........ 阿依努尔·阿布都热西提 38


## 封面人物


著名语言学家——哈米提·铁木尔教授 ........ A·T·穆拉德 40


## 名词术语学研究


浅谈维吾尔语新词术语及其造词方法与特点 ........ 阿里木·哈萨尼 43


## 名家名作语言研究


论著名作家祖农·卡迪尔作品的语言特点 ........ 艾克拜尔·作迪尔,海丽且木·麦麦提 48


## 姓氏研究


关于裕固族的部落和姓氏 ........ 祖木莱提·哈帕尔 52

浅谈维吾尔人名正字规则 ........ 海木都拉·阿布都热合曼 56


## 名词术语沙龙


部分汉语名词术语的维译之我见 ........ 阿力木江·阿布都热西提 57

带"吧"字的汉语新词语维译之我见 ........ 德力木拉德·加马力 58

"特困"一词维译浅谈 ........ 艾拉洪·库尔班 59

浅谈几个词的维译 ........ 图尔荪阿依·如则 60

两个术语的维译之我见 ........ 古丽米热·艾比布拉 61


## 汉语教学


浅论高等职业教育中的口译教学 ........ 美合拉依·依萨克 62

汉语教学要重视文化因素 ........ 卡依沙尔·艾合买提, 穆克热木·尼牙孜 66

汉语联合词的文化蕴涵 ........ 热比牙·阿布都热依木 69


## 语言文字、翻译、新闻出版和教学机构介绍


新疆维吾尔自治区人民政府办公厅翻译处简介 ........ A·T·穆拉德,赵正义 72


## 简讯


新疆维吾尔自治区第五届民族语文翻译论文评奖揭晓 ........ 74

自治区民语委对全疆语言文字工作进行调研 ........ (封二)

自治区民语委举办《党政领导干部选拔任用工作条例》培训班 ........ (封二)

自治区民语委举行建党 82 周年庆祝活动 ........ (封二)


根据国家新闻出版管理部门的解释,本刊发表的所有论文在评定职称和业务考核时,可以同本社出版的汉文版《语言与翻译》杂志上发表的论文一样视为《核心期刊》对待。

Language And Translation

Vol. 146, No. 3 Aug. 2003

# Contents of Main Essays

Societic Linguastics and its Value.......... Kayyum Mijit 1
Research new words and phrases in Modern Uighur.......... Sidikjan Ibrahim 6
Writing the Words "Kadir" and "Alla" .......... Abduraop Polat 12
A Discussion about the Meaning and Written Form of a few Modern Uighur Words .......... Yolwas Rashidin 14
Suffixes in the Kumul Dialect.......... Halida Rozi 16
Same Regular Mistakes in Spoken Uighur .......... Dilbar Ahat 18
The Meaning of Nouns drived form an Infinitive.......... Abduwali Ayup 19
Correct use of these suffixes "lik/lik, luk/luk" and "zar".......... Abdughappar Abdurahman 21
Slang in Contemporary Uighur .......... Tohti Baki Artixi 22
Translating Spoken Uighur.......... Muhammad Turdi 25
Translating Original Words of Inorganic Chemistry.......... Rahila Yusup 28
The quality of Radio Translation.......... Zohra Barat 31
The Problems of choosing correct words in Translating.......... Zumrat Barat, Muhammadtursun Tohti 33
The Scientific and Creation Characteristics of Translation.......... Gulbostan Ghappar 35
The Etomology of "Green Card".......... Aynur Abdurixit 38
Introduction to the famous Educationalist and Linguist __ Hamit Tomur.......... A . T . Murad 40
How to Construct new words in Uighur.......... Alim Hasani 43
Language Characteristics of Zunun Kadir Stories.......... Akbar Kadir, Halqam Mahammad 48
Tribe and Family Name of The Uighur.......... Zumrat Ghappar 52
Standardisation of writing Uighur Names.......... Hamdulla Abdurahman 56
Translating same Chinese Words into Uighur.......... Alimjan Abdurixit 57
A personal Opinion about translating " 吧 " into Uighur.......... Dilmurad Jamal 58
The Translation of the word "特困".......... Elahun Kurban 59
The Teaching of High Level Vocational Translation.......... Mehray Ishak 62
The Importance of introducing culture to Chinese Language Teaching.......... Kaysar Ahmat, Mukarram Niyaz 66
The Cultural Elements of United Words in Chinese.......... Rabiya Abdurihim 69
Introduction to The Translation Office of The Xinjang Uighur Autonomous Regions Government..........
.......... A . T . Murad, Zhao Zheng yi 72

Sponsered by: Spoken and Written Language Committee of Xinjiang Uighur Atonomous Region
Xinjiang Translators Assosiation

Edited and Published by 《Language and Translation》 Editorial Department

No: Southern Xinhua Rd, Urumqi

Postal Code: 830001 Tel: ( 0991) 2887942

Printed by 《Keheng》 Colour Printing Co. Ltd

Domestic Distributor: Urumqi Municipal Post Office

International Distributor: China International Book Company

Mailbox: 399 #

2003 - يىل 3 - سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation ( Uighur )

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي146 - سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 ( General No. 146 )

# ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى

قەييۇم مىجىت
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، غۇلجا 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ خاراكتېرى، تەتقىقات ئوبيېكتى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي قىممىتى قاتارلىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق؛ ئىجتىمائىي ئامىل؛ تىل ئۆزگىرىشى؛ تىل مۇناسىۋىتى؛ تىل ئىقتىدارى؛ تىل سىياسىتى؛ تىل پىلانى؛ قوش تىل ھادىسىسى.

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق يېڭىدىن شەكىللەنگەن، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولغان بىر خىل ئارىلىق پەن بولۇپ، ئۇ تىلشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، مۇشۇ پەنلەرنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەۋەلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق دائىرىسىدە تۇرۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تىل مەسىلىسىنى تەتقىق قىلمايدۇ، بەلكى تىلشۇناسلىق دائىرىسىدە تۇرۇپ، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ، تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋە تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىت جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تىلشۇناسلىقنىڭ دائىرىسىگە مەنسۇپ بولغان بىر تارماق پەندۇر.

تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا رەسمىي پەن سۈپىتىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ پەيدا بولۇشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ زور ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا تەرەققىي قىلىپ، ئىنتايىن زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر پەن بولۇپ قالدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدىكى تەتقىقات مەنزىلىنى نامايان قىلدى ۋە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەتقىقات ساھەپلىرىنى ئاچتى. ھەرقايسى ئەللەردىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق بۇ پەن دائىرىسىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، نەزەرىيە تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ياخشىلاندى ھەم تولۇقلاندى. بىر قىسىم مەخسۇس ئەسەرلەر نەشر قىلىندى، بەزى مەخسۇس ژۇرناللار تەسىس قىلىندى ۋە بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ پەن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قامۇسىغا مەخسۇس ماددا قىلىپ كىرگۈزۈلدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل كەسىپلىرى ئۈچۈن مەخسۇس دەرس بولۇپ تەسىس قىلىندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىش بىلەن بىرگە، دەسلەپكى پەيدا بولۇش باسقۇچىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، رەسمىي پىشىپ - يېتىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. شۇڭا، بۇ پەننى ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن بۇ ماقالەمدە كىتابخانلارنى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنى بۇ پەننىڭ دائىرىسىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پەننىڭ تەتقىقات

ئوبيېكتى ھەققىدىكى قارىشى تېخى بىردەك ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ماتېرىياللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي قاراشلارغا ۋە ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەتقىقات ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بۇ پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنىنى ئادەتتىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

«جۇڭگو قامۇسى — تىل - يېزىق تومى»دا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىققا ئېنىقلىما بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق — تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي پەنلەر (يەنى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر) نۇقتىسىدا تۇرۇپ تىلنى كۆزىتىدۇ ھەمدە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن تىل ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ».

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئامېرىكىلىق تىلشۇناس ۋ. برايت (W. BRIGHT) مۇنداق قارايدۇ: «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئوتتۇرىسىدىكى سىستېمىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتىنى شەرھلەيدۇ. شۇنىڭدەك بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە بولغان سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ».

يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشتا گەرچە بەزى ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ، لېكىن تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزگىرىشىنى بايان قىلىش جەھەتتە ئانچە پەرق قىلمايدۇ. بۇ قاراشلاردىكى ئورتاقلىقلارغا ئاساسەن ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىققا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ: ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئورتاق ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

تىل ئەمەلىيىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىل جەمئىيەتتە پەيدا بولغان بولۇپ، جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئامىللار تىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرلۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. تىلمۇ جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، جەمئىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ تىلنى كۆزەتكەندە تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تىلنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقمۇ، جەمئىيەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىك ۋە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بىر جەھەتتىن تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە تەسىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق يەنە بىر جەھەتتىن، تىل بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورتاق ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى، تىل بىلەن جەمئىيەت ئوخشاشلا ئۆزگىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىدە بەزى ئورتاقلىقلار بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆز نۆۋىتىدە تىلدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، تىلنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى تىل بىلەن جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۆزگەرگۈچىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى شەرھلەش، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېچىپ بېرىش ھەمدە بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قوللىنىلىشى جەھەتتىكى پەرقلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى قاراش ۋە تەھلىللەرگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ كونكرېت تەتقىقات مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تىل قۇرۇلمىسىغا بولغان ھەر خىل تەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىش. ئىجتىمائىي ئامىللار مىللەت، كەسىپ، سىنىپ، رايون، ئىجتىمائىي شارائىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار تىلنىڭ قۇرۇلمىسىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىپ، تىل قۇرۇلمىسىدا ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى، پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تىلنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئورنىغا بولغان شەرت قىلىش رولىنى تەتقىق قىلىش. مىللەتلەرنىڭ ئاھالە سانى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللار مەلۇم تىلنىڭ قوللىنىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ھەرقايسى مىللەتلەر تىلىنىڭ قوللىنىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدا مۇئەييەن پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، تىلنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىلىشىغا

ئالاقىدار بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قى-
لىش. بۇ تىل سىياسىتى، تىل پىلانى، قوش تىل هادى-
سىسى، قوش تىل ئوقۇتۇشى، تىل - يېزىق ئىسلاهاتى
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات
تىلنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرىدۇ،
تىل - يېزىق سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ، تىل تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تۆتىنچى، جەمئىيەت ئامىللىرى سەۋەبىدىن پەيدا
بولغان تىل مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش. تىل مۇنا-
سىۋىتى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى، تىل تەسىرى، تىللار-
نىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى، تىللارنىڭ پارچىلىنىشى قا-
تارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات ئار-
قىلىق تىللارنىڭ مۇناسىۋىتىگە باغلىنىشلىق بولغان
بەزى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مە-
سىلىلەرمۇ يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

بەشىنچى، شەخس ئامىللىرىنىڭ تىلغا بولغان
تەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىش. شەخس ئامىللىرى دې-
گەندە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، مەدەنىيەت
سەۋىيىسى، دىنىي ئېتىقادى، ياش قۇرامى، جىنس ئاي-
رىمىسى، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل شەخس ئامىللىرىنىڭ ئوخشىماسلى-
قى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ تىل قوللىنىشىدا بەزى
پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات تىل ئالاقى-
سىدىكى بەزى كونكرېت ئالاھىدىلىكلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئالتىنچى، ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تىلدىكى
خىلمۇخىل ئىپادىلىرىنى تەتقىق قىلىش. بۇلار تىلنىڭ
ئۆزگىرىشى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆ-
رىۋېلىش، تىلنىڭ پەرقى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ پەر-
قىنى كۆرىۋېلىش، تىلدا ئەكس ئەتكەن كونكرېت
ئىجتىمائىي ئامىللارنى شەرھلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ.

يەتتىنچى، تىل ئامىللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئامىل-
لارغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش. بۇ تىلنىڭ
جەمئىيەتكە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشقا،
كەسپكە بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ. تىل ئامىللىرى جەمئىيەت ئامىللىرىغا تەسىر
كۆرسىتىپ، جەمئىيەت ئامىللىرىدا بەزى ئۆزگىرىش ۋە
ئالاھىدىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن شۇنداق خۇ-
لاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق
تىل ۋە مىللەت، تىل ۋە سىنىپ، تىل ۋە كەسىپ، تىل ۋە
جىنس، تىل ۋە مەدەنىيەت، تىل ۋە جۇغراپىيە دېگەنگە
ئوخشاش نۇرغۇنلىغان كونكرېت تېمىلار بويىچە تەك-
شۈرۈش، تەتقىقات ۋە شەرھلەشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.
قىسقىسى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تىلنىڭ هەر خىل
ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە خىلمۇ-
خىل ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

**2. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى**

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن
كەڭ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا،
هەرقايسى تىلشۇناسلار ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەت-
قىقاتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە مۇهىم نۇق-
تىلارنى تاللاپ، چىقتى هەمدە ئىجتىمائىي تىلشۇناس-
لىقنىڭ هەر خىل ئوخشىمىغان تارماقلىرىنى شەكىل-
لەندۈردى. بىر قىسىم ماتېرىياللاردا ئۇچرايدىغان تۈرگە
بۆلۈش ئۇسۇللىرىنى يىغىنچاقلاپ، تۆۋەندىكىدەك كۆر-
سىتىشكە بولىدۇ:

1. نەزەرىيىۋى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئەمە-
لىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق.

نەزەرىيىۋى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، مۇهىمى،
ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تىل قارىشىنى بايان قى-
لىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئۇسۇلىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس ئۇقۇم ۋە ئاتالغۇلىرىنى
مۇقىملاشتۇرۇپ، هازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ۋە
تىل ئىلمىدىكى ئورنىنى تەهلىل قىلىدۇ.

ئەمەلىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، مۇهىمى،
جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىلنىڭ ئىقتىدارى ۋە تەرەققى-
ياتىغا بولغان ئاڭلىق ئارىلىشىشى، تىلنىڭ كەسپلەرگە
بۆلۈنۈشى ۋە هەرقايسى پەنلەردىكى ئاتالغۇلار سىستې-
مىسى، قوش تىللىق ئالاقە ۋە قوش تىل ئوقۇتۇشى،
تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى، تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ
مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

2. ماكرو ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە مىكرو
ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق.

ماكرو ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق كەڭ مەنىدىكى
ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تىل بى-
لەن جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قى-
لىدۇ ۋە داۋاملىق جەمئىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ تىلغا
قارايدۇ. تىلنىڭ ئىجتىمائىي دائىرىسى، كۆپ تىل قۇ-
رۇلمىسى، تىل پوزىتسىيىسى، تىل تاللاش، تىل پىلانى
ۋە ئۆلچىمى، تىل ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى
تەتقىق قىلىدۇ.

مىكرو ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تار مەنىدىكى
ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسلى-

قى تىل نۇقتىسىدا تۇرۇپ جەمئىيەتكە قارايدۇ، تىل ئەمەلىيىتى، تىل ئىقتىدارى، تىل ئۆزگىرىشى، تىل قوللىنىش، تېكىست تەھلىلى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

3. تەسۋىرىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە تارىخىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق.

تەسۋىرىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق مەلۇم بىر كونكرېت هازىرقى زامان تىلىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت شارائىتى ئاستىدىكى هەر خىل ئۆزگىرىشى ۋە ئىقتىدارى، تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت، نۆۋەتتە خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلمىغان تىلىنىڭ خەلقئارا تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىدارى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

تارىخىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، ئاساسلىقى، تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى، هەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى، هەرقايسى تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزئارا تەسىرى ۋە رولى، تىلنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى مۆلچەرلەش، شۇ ئاساستا تىل تەرەققىياتى هەققىدە پىلان تۈزۈش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

تىل تەرەققىياتىنى مۆلچەرلەش، ئاساسلىقى، تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى، تىل قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتى، كونكرېت تىللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە يوقىلىشى، ئىنسانلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى تىل تۇرمۇشى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يولى ۋە هەر خىل تىللارنىڭ ئۆزئارا رول ئويناش يۆنىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئومۇمىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە كونكرېت ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق.

ئومۇمىي ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئىنسانلار تىلى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مۇناسىۋىتى هەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن هەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ مۇناسىۋىتى هەققىدىكى تەتقىقاتنى يىغىنچاقلاپ، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى هەققىدىكى ئومۇمىي قائىدە، ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە ئومۇمىي نەزەرىيىلەرنى يەكۈنلەيدۇ هەمدە هەرقايسى تىللارغا ئورتاق بولغان تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ.

كونكرېت ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق مەلۇم بىر كونكرېت تىل بىلەن شۇ تىلنى قوللىنىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدۇ. مەلۇم بىر كونكرېت تىل ياكى قېرىنداش تىلنىڭ شۇ جەمئىيەتتىكى هەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، شۇ تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ياكى قوللىنىلىشى جەھەتتىكى هەر خىل ئۆزگىرىش ۋە پەرقلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق يېڭى بىر پەن بولغانلىقى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى ئوخشىمىغان پەنلەر ساھەسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى ۋە قىزىقىشى ئوخشىمايدۇ، تەتقىق قىلىدىغان نۇقتىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، قوللانغان ئۇسۇلىدىمۇ هەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالاهىدىلىكى بولىدۇ. شۇڭا، تىلشۇناسلارنىڭ بۇ پەننى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇللىرىمۇ دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. گەرچە ، تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇللىرىدا بەزى پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي نىشانى يەنىلا بىردەك بولىدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي قىممىتى

لۇ شۇشياڭ ئەپەندى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىققا يۇقىرى باها بېرىپ، ئۇنى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، قۇرۇلما تىلشۇناسلىقى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ «تىلشۇناسلىقتىكى ئۈچىنچى ئازادلىق» دەپ قارىدى. ئۇ بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «50 ـ يىللارغا كەلگەندە، بولۇپمۇ 60 ـ يىللاردا بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تىلنىڭ ئۆز شەكلى ئارقىلىقلا تىلنى تەتقىق قىلىشقا قانائەتلىنىپ يۈرۈشنى خالىمايدىغان بولدى. تىلنى بىر خىل ئىجتىمائىي هادىسە سۈپىتىدە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنى تىلشۇناسلىقتىكى يەنە بىر قېتىملىق ئازادلىق دېيىشكە بولىدۇ». بۇنىڭدىن ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ زور ئەهمىيەتكە، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى نەزەرىيە، ئۇسۇل ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىش جەھەتلەردە تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە:

نەزەرىيە جەھەتتە، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تىل تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى بولۇپ كېلىۋاتقان تىل قۇرۇلمىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن هالقىپ، تېخىمۇ كەڭ بولغان تەتقىقات ساهەسىنى ئاچتى. ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، يېزىق تىلى

ۋە مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بولسا، تىلنى ئىچكى قىسىمدىن تاشقى قىسىمغىچە تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، تىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولغان ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنى تېپىپ چىقىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئوخشىمىغان كىشىلەر ئارىسىدا، ئوخشىمايدىغان تىل شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن تىل ھادىسىلىرىنى ۋە تىل ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق ھامان تىلنى يەككە - يېگانە ھالدىكى مۇستەقىل، مۇقىم گەۋدە دەپ قارايدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بولسا، تىل ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە، مۇتلەق تۇرغۇن ھالەتتىكى تىل مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ خىل تونۇش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش تىل نۇقتىئىنەزىرىدىكى ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇسۇل جەھەتتە، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تىلشۇناسلىق مېتودى بويىچە تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنىلا تەھلىل قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئەجادىي ھالدا كەڭ كۆلەمدە قوللاندى. تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن باشقا ھەر خىل ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنى زىچ بىرىكتۈرۈپ بىرلىكتە قوللاندى، شۇنداقلا يەنە بەزى تەبىئىي پەنلەرنىڭ بىر قىسىم تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشىدە ئوخشاش بولمىغان چاستوتىلار مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنى تەكشۈرۈشتە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تاللاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋەكىل خاراكتېرلىك پاكىتقا ئېرىشىدۇ. تىل ئۆزگىرىشىنىڭ مىقدارىنى ئىگىلەشتە سانلىق مەلۇماتلار قوللىنىلىپ، سانلىق پاكىت يەكۈن چىقىرىشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقنىڭ تۇرغۇن ھالەتتىكى تەسۋىرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئەمەلىي قوللىنىلىش جەھەتتە، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تىل سىياسىتى، تىل پىلانى، تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشلىرى، قوش تىل ھادىسىسى، قوش تىل ئوقۇتۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي ئامىللار سەۋەبىدىن بولغان تىل ئۆزگىرىشلىرى، مەسىلەن، ئەدەبىي تىل، ئىجتىمائىي دىئالېكت ۋە شېۋە، ئارىلاشما تىل ۋە ئارىلاشما بولمىغان تىل، يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلى، ئوخشىمايدىغان قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر ئىشلىتىۋاتقان ئورتاق تىلنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۆزگىرىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي مەۋجۇت ھادىسە. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە، شۇنداقلا بۇ خىل تەتقىقات جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى تىل - يېزىقنى توغرا قوللىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تىل - يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە موھىم رولغا ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ قىممىتى باشقا پەنلەرگە بولغان ياردىمى جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، ئاساسلىقى، ھەر خىل ئىجتىمائىي نۇقتىلاردا تۇرۇپ تىلنى تونىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلىش نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە نىسبەتەن، يەنى پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئەدەبىيات قاتارلىقلارغا نىسبەتەن پايدىلىنىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىق تىلنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىۋالالايدۇ، تىلنىڭ بۆلۈنۈشىدىن جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشىنى بىلىۋالالايدۇ، تىلنىڭ ماس كەلمەسلىكىدىن جەمئىيەتنىڭ ماس كەلمەسلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

دېمەك، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق كۆپ تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكى ۋە كۆپ قاتلاملىق تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، باشقا پەنلەرگە نىسبەتەنمۇ تېگىشلىك ياردەمدە بولالايدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


[1] چېن سوڭبىن: «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە» بېيجىڭ: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1985.

[2] دەي چىڭشيا: «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دەرسلىكى». بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1993.

[3] گو شى: «جۇڭگو ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقى». نەنجىڭ: نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999.

[4] چې يۇسۇن: «ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى». شاڭخەي: شاڭخەي چەت تىل مائارىپى نەشرىياتى، 1997.

[5] مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار: «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991.

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 (General No. 146)

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ھەققىدە ئىزدىنىش

سىدىقجان ئىبراھىم

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ چەك ـ چېگرىسى، ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ياسىلىش يوللىرى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا بايان قىلىنىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى مۇلاھىزە قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار؛ ياسىلىش ئۇسۇللىرى؛ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلىرىدە نۇرغۇن يېڭى شەيئى، يېڭى كۆزقاراشلار كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا سىستېمىسىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. لېكىن، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئىلەر بىلەن بىر قىسىم يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئوتتۇرىسىدا جىسمى بولسىمۇ ئىسمى بولماسلىق (مەسىلەن، خەنزۇچىدىكى 家庭影院、微波炉 قاتارلىق يېڭى ئاتالغۇلار ئۇيغۇرچە يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىگە تېخىچە كىرگۈزۈلمىدى)، ئىسمى بىلەن جىسمى ماسلاشماسلىق (مەسىلەن، دەسلەپ «سالاھىيەت كىنىشكىسى ـ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى 身份证 » ۋە «توڭلىتىش ئىشكابى ـ توڭلىتىش ساندۇقى ( 冰柜、冰箱 )» دېگەن ئاتالغۇلار خەنزۇچىدىن تەقلىدىي تەرجىمە قىلىنىپ، ئىخچام بولمىغاچقا جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. كېيىن بۇ زىددىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە «كىملىك»، «توڭلاتقۇ» ئاتالغۇلىرى ياسالدى ۋە جەمئىيەتتە تېزلا ئومۇملاشتى) تەك ئىككى خىل زىددىيەت كۆرۈلدى. بۇ خىل زىددىيەت يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئىخچام، ئۇقۇملۇق، سىستېمىلىق ياسىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

## 1. يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ چەك ـ چېگرىسى

يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن قانداق سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ «يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇ» بولالايدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرغىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ماتېرىياللاردا «يېڭى سۆز دېگەن نېمە؟ قانداق سۆزلەر يېڭى سۆز بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىگە تولۇق تەبىر بېرىلدى. لېكىن، يېڭى ئاتالغۇلار توغرۇلۇق كۆپ بىرنەرسە دېيىلمىدى. ئابدۇرەئوپ پولات «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە ئازراق توختىلىپ: لېكسىكولوگىيىدە دېيىلىۋاتقان «يېڭى سۆزلەر» يۈكسىلىۋاتقان مەدەنىي ھايات، سىياسىي ھايات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تىلدا ئەسلىدىن بار بولغان ماتېرىياللار (يەنى سۆزلەملەر ياكى قوشۇمچىلار) ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ،... تىلىمىزدىكى «ئۇنئالغۇ»، «ئالەم كېمىسى»، «ئاققۇن»، «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «نامراتلارنى يۆلەش»... قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى سۆزلەرگە كىرىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن، بۇ تەبىر دېگەندەك ئىلمىي، تولۇق بولمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئالەم كېمىسى»، «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «نامراتلارنى يۆلەش» دېگەن يېڭى ئاتالغۇلار (تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى)نى ھەرگىز «سۆز» دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە «سۆز» بىلەن «ئاتالغۇ»نى پەرقلەندۈرۈش لازىم. ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقى شۇكى، «ئاتالغۇ»نىڭ ئۇقۇم دائىرىسى «سۆز»نىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ، ئۇ مەخسۇس ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز (مەسىلەن، «روھچىلىق»، «ئىقتىسادۋازلىق»، «قىزدۇرغۇچ»... قاتارلىق)لەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە بىر قىسىم تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىمۇ ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۆزلەردۇر، لېكىن ئۇلارمۇ مەنە ۋە قۇرۇلما جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «ھۆكۈمەتنى ئىخچاملاپ، مۇلازىمەتنى كېڭەيتىش (小政府・大服务)»، «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى (送温暖活动)»، «ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش (经济结构的优化)»، «ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى (经济责任制)»... دېگەندەك. سۆز بولسا مەنە ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى. سۆزلەر سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ. سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار ئۆزىنىڭ سۆز ياساشتىكى رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە يېڭى سۆز ياساشقا ئاساس بولالايدىغان سۆز ماتېرىيالى باش مورفېما بولىدۇ. ئەگەشمە مورفېمىلار ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن، سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار سۆز ياساشتا قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. تۈرلۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى قوشۇمچىلارنىڭ كۈچلۈك بولىدۇ، بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئاجىز بولىدۇ. مەنە جەھەتتىن يېڭىلىققا ئىگە بولغان، ئەدەبىي تىل نورمىسىغا كىرىپ تولۇق ئومۇملىشىپ بولالمىغان، جەمئىيەتتىكى يېڭى شەيئى - ھادىسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەرنى يېڭى سۆز دېيىشكە بولىدۇ. يېڭى سۆزلەرنى ياساشنىڭ ئۇسۇلى كۆپ خىل بولۇپ، كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردىن «ياساش»، «قوبۇل قىلىش»، «قېزىش» (تىرىلدۈرۈش)، «قىسقارتىش» قاتارلىقلار بار. يېڭى سۆزلەرگە يېڭى ياسالغان سۆزلەر، يېڭى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، تىرىلدۈرۈلگەن كونا سۆزلەر، يېڭى مەنە ئالغان سۆزلەر، شېۋىلەردىن ئەدەبىي تىلغا يېڭى كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر كىرىدۇ.

1. يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ۋاقىت چېكى.

يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى - ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولۇپ، تىلدىكى بۇرۇندىن ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان سۆزلەر بىلەن ئىستېمالدىن قالغان «كونا سۆزلەر»گە قارىتا نىسپىي ھالدا ئېيتىلغان. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا نەشر قىلىنغان لۇغەتلەردە، بۇ «يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار»نىڭ ۋاقىت چېكى كۆرسىتىلگەن. ئابدۇللا ئابلىز بىلەن ئايشەم تاۋار تۈزگەن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە يېڭى سۆزلەر لۇغىتى»دە: «لۇغەت»كە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان بارلىققا كەلگەن يېڭى سۆزلەر ۋە تەرجىمە - تەھرىرلىك، نەشرىياتچىلىقتا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم سۆز - ئاتالغۇلار (بىر قىسىم سىياسەت، پرىنسىپ خاراكتېرىدىكى بىرىكمىلەر) بولۇپ، جەمئىي 7400 چە سۆز كىرگۈزۈلدى دېيىلگەن. كېيىن نەشر قىلىنغان «قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار لۇغىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى) ۋە «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 4 - ئاي نەشرى) قاتارلىق لۇغەتلەرگە 20 مىڭغا يېقىن ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن.

ئومۇمەن، بۇ لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن «يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار»نىڭ ۋاقىت چېكى كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 50 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغان، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ماقالىدە ئاساسەن كېيىنكى ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن ئاتالغۇلار تۇتقا قىلىندى.

2. ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار «يېڭى» بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاچقا، ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتە بەزى پەرقلەرگە ئىگە. يېڭى سۆز - ئاتالغۇلاردىن ئىخچام، ئۇقۇملۇق، ئۆزلىشىشچان، خەلق تۇرمۇشىغا بەك يېقىن بولغانلىرى خەلق ئارىسىدا تېزلا ئومۇملاشقاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئىشلىتىلىش قېتىم سانى يۇقىرى بولدى . مەسىلەن، «تېلېۋىزور»، «ئۈنئالغۇ»، «كىرئالغۇ»، «توڭلاتقۇ»... دېگەندەكلەر. لېكىن، بەزى ئاتالغۇلار پەقەت ئەدەبىي تىلدىلا ئىشلىتىلىپ جانلىق تىلدا ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلمەكتە . مەسىلەن، «چاقىرغۇ»، «نۇسخىئالغۇ»، «تېلېكامېرا»، «ئوپېراتور» دېگەن ئاتالغۇلار يازما ماتېرىياللاردا شۇنداق دەپ ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جانلىق تىلدا كۆپىنچە «چۈەنخۇ - چۈەنخۇجى (传呼机)»، «فۇيىنجى (复印机)»، «شېشاڭجى (摄像机)»، «شېشاڭچى (摄像员)» دەپ ئىشلىتىلمەكتە. بۇ يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ئىخچام، ئۇقۇملۇق ياسالمىغانلىقىدىن، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىلمىي ھەم تېز بىرتەرەپ قىلىشقا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن بولدى. بەزى ئاتالغۇلار كەس-

پىي تۇسكە ئىگە بولۇپ تولۇق ئۇمۇملاشمىغاچقا (مەسىلەن، «ئابونىچى»، «كرېدىت» قاتارلىقلار)، مەلۇم ساھەدە ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. بەزى ئاتالغۇلاردا كۆپ خىللىق مەۋجۇت (مەسىلەن، «يان تېلېفون»، «سىمسىز تېلېفون»، «كۆچمە تېلېفون»، «قول تېلېفون»، «يانفون» دېگەندەك).

**2. يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئاساسەن قوشۇمچە قوشۇش، بىرىكتۈرۈش، قوبۇل قىلىش، تىرىلدۈرۈش، قىسقارتىش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان.

1. قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار

بۇ خىل يول بىلەن ياسالغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئىچىدە مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئارقىدىن ئۇلىنىدىغان ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالغانلىرى خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، ئالدىدىن ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغانلىرى ناھايىتى ئاز. مەسىلەن، «توكلاتقۇ»، «چاقىرغۇ»، «ئۇۋۇلغۇچ»، «ساقلىغۇچ»، «ئەرلىك»، «كىملىك»، «ئۇيۇما»، «ساقچىخانا»، «تىزگىنەك»، «مۇئامىلىدار»، «پارلىنىش»، «گازلاشتۇرۇش»، «بىرەسمى»...

2. بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار.

تىلىمىزدا ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بېقىندىلىق ۋە باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىككەنلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، تەڭداش ۋە ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە بىرىككەنلىرى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

1) بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىككەنلىرى.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئېنىقلاش - ئېنىقلىنىش، چەكلەش - چەكلىنىش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن، «تامپىلەك»، «گازبومبا»، «ھۆكۈمەت پېيى»، «پاي تىزىمى»، «ئىجادىي مەھسۇلات»، «شېرىكسىز كارخانا»، «سۇيۇق ئوغۇت» قاتارلىقلار.

2) تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىككەنلىرى.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن، «ئۈن - سىن»، «ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش» قاتارلىقلار.

3) ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە بىرىككەنلىرى.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بايان قىلىش - بايان قىلىنىش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن، «ئۆزى شوراش»، «ئۆزى پارقىراش» قاتارلىقلار.

3. قوبۇل قىلىنغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار.

يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئىچىدە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا قوبۇل قىلىنغانلىرىمۇ بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىرقىسمى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان، بىرقىسمى يېرىم ئاھاڭ، يېرىم مەنە تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان، يەنە بىر قىسمى تەقلىدىي تەرجىمە قىلىنغان. بەزىلىرى ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە قىلىنغان.

1) ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغانلىرى.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار خەنزۇچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىزچىدىن بىۋاسىتە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە رۇسچە ۋە ئىنگلىزچىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلقئارادا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان پەن - تېخنىكا كەسپىي ئاتالغۇلىرى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئاتالغۇلىرى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىدىن: «سەنمۇ (ھەربىيدە)»، «زۇڭتۇڭ»، «زۇڭلى» قاتارلىقلار؛ رۇسچىدىن: «گېن»، «كاتېر»، «ماشىنكا»، «ئاككۇمۇلياتور»، «كوندىناتور» قاتارلىقلار؛ ئىنگلىزچىدىن: «زونا»، «دوكتور»، «پوستدوكتور»، «فاكس»، «تېلېفوتو»، «مائۇس» قاتارلىقلار.

2) يېرىم ئاھاڭ، يېرىم مەنە تەرجىمىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنغانلىرى.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار يېرىم ئاھاڭ تەرجىمە، يېرىم مەنە تەرجىمە بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئەبجەش سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ بىرقىسمى مورفولوگىيىلىك يول بىلەن ياسالغان. مەسىلەن، «جۇڭگوشۇناسلىق»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق»، «خىروئىنكەش»، «شىفىرلاشتۇرغۇچ»؛ يەنە بىرقىسمى سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسالغان. مەسىلەن، «تەيفېڭ كۆزى»، «بولىڭ توپ»، «چېچەكسەي»، «قاتجوخار»، «باش شۇجى»، «ئېكمان قاتلىمى»، «كلون كالا»، «كاۋبوي كىيىم»، «خەلقئارا كارانتىن»، «گېن ئامبىرى» قاتارلىقلار.

3) تەقلىدىي تەرجىمە قىلىنغانلىرى.

بۇ خىلدىكى سۆز - ئاتالغۇلار چەت تىللاردىكى

سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىي قۇرۇلما شەكلى ئاساسىدا ئانا تىلدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان. مەسىلەن، «سوۋس بازار ( 淡市 )»، «ئۇيۇاتچان ئوت ( 含羞草 )»، «لەيلىمە مائاش ( 浮动工资 )»، ئاقما نوپۇس ( 流动人口 )»، «ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە ( 万元户 )»، «ھاۋا تەڭشىگۈچ ( 空调 )»، « باتارىيە زەرەتلىگۈچ ( 电池充电器 )»، «باش چايقاش كومۇلچى ( 摇头丸)» قاتارلىقلار.

4) ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە قىلىنغانلىرى.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئاساسەن مەنە تەرجىمىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، «تىبەتشۇناسلىق ( 西藏学 )»، «سۆرەلمە قۇرۇلۇش ( 胡子工程 )»، «باشلامچى كارخانا ( 龙头企业 )»، «تۈگىمەس يىغىن ( 大尾巴会议 )»، «تاپان ھەققى ( 辛苦费 )» قاتارلىقلار.

4. تىرىلدۈرۈلگەن كونا سۆزلەر.

بۇ خىلدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار تەرجىمان ـ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى «قېلىپلاشتۇرۇلغان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، بەزىلىرى كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، «ئەرنىلىك»، «خەلق ـ بودۇن»، «ئۇچالىقلار ـ تىنلىقلار»، «ئەدەپ ـ ئەردەم»، «شەھەر ـ بالىق»، «تويىن گۈمپىسى»، «(سوترا)نوم»، «(تاتلىق لازا) تاتلىقمۇچ»، «ھاشار»، «يالغۇق (ئىنسان)»، «ئاژۇن (تەبىئەت)»، «بودۇن (مىللەت)» قاتارلىقلار. بەزى ئەسەرلەردە بەزى سۆزلەرنىڭ قەدىمكى شەكلى قوللىنىلغان. مەسىلەن، «جابارقا (ياپونىيە)»، «ھېتلىر (گېتلىر)»، «ھونگىرىيە (ۋېنگىرىيە)» قاتارلىقلار.

5. قېلىپلاشتۇرۇلغان بىرقىسىم شېۋە سۆزلىرى.

يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ بىرقىسمى شېۋە سۆزلىرىدىن ئېلىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇپ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. مەسىلەن، «يېسىۋىلەك (بەسەي)»، «ئاقتۇرما (تۇرۇپ)»، «يالتىراق (سۇلياۋ)»، «قولماق» قاتارلىقلار.

6. يېڭى قىسقارتىلما ئاتالغۇلار.

يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمى قىسقارتىلما ئاتالغۇلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئاتالغۇلار ئاساسەن ئىككى خىل ئۇسۇلدا ياسالغان. بىر خىلى، ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىش ياكى ئىنگلىزچە قىسقارتىلما شەكلىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن، «ش ئا ئە ت (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى)»، «م د ئى (مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىتتىپاقى)»، « XJTV (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)». يەنە بىر خىلى، بىرقىسىم خەلقئارادا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار ئەسلىسى بويىچە (ئەينەن ياكى يېرىم ئەينەن شەكىلدە) ئەسلىي تەلەپپۇزى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، «كاراOK »، « UBV سىستېمىسى»، « CT خانا»، «دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO)»، «كۆپ كۆزلۈك تېلېسكوپ (MMT)»، «زەرەت باغلاش دېتالى (CCD)» قاتارلىقلار.

بۇ خىل ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈشى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا جەھەتلەردىكى خەلقئارا ئۇچۇر ـ ئالاقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئەلۋەتتە، لاتىنچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ۋاقىتىنچە ئىپادىلەش بولۇپ، ئۇنى باش ھەرپىنى ئېلىپ قىسقارتىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلغان ياخشى.

### 3. يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر

مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچى ـ تەرجىمانلار يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا نۇرغۇن ئۇنۇملۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلاردا يەنىلا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانغان. بۇ مەسىلىلەر تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىغان. بەزى ئاتالغۇلارنى قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىخچام ياسىغىلى بولسىمۇ، لېكىن بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە ياسالغاچقا ياكى تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغاچقا ئۇزۇن، چىگىش بولۇپ، دېگەندەك ئىخچام، ئۇقۇملۇق چىقمىغان. تۆۋەندە دەسلەپكى قەدەمدە بايقىغان مۇشۇ خىلدىكى ئاتالغۇلارنىڭ بىرقىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. مەسىلەن:

| خەنزۇچە ئاتالغۇ | ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغىنى | ئۇيغۇرچە ئىخچاملاشتۇرۇلغىنى (تەسەۋۋۇر) |
| --- | --- | --- |
| 保温杯 | تېرموس ئىستاكان | چايدانچە ـ چايدانچاق |
| 病 房 | بالنىتسا | بىمارخانا ـ كېسەلخانا |
| 参议会 | كېڭەش ھەيئىتى | كېڭەشمە |
| 参议院 | كېڭەش پالاتاسى | كېڭەشمىخانا |
| 参议员 | كېڭەش ئەزاسى | كېڭەشچى |
| 裁判员 | سودىيە، رېپىرى | كېسىمچى، ھۆكۈمچى |
| 摄像机 | تېلېكامېرا | سىنتارتقۇ |

بۇمۇ بىزنىڭ تەتقىقات ـ ئىزدىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى، ئۆز ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەش ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى

تەرەققىيات تارىخىدا نۇرغۇن زىيالىيلاردا ھەر خىل نوپۇزلۇق تىللارغا چوقۇنۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىبرەت ـ ساۋاقلار نۇرغۇن، بىزدە «ئەجدادىڭ تىكەن تېرىسا، ئەۋلادىڭ پۇتىغا كىرەر»، «ئەقىللىقنىڭ چارىسى كۆپ، ئەقىلسىزنىڭ باھانىسى» دېگەن ئەقلىيە سۆزلەر بار. جاھان ھازىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە، ئەقلىيلىك دەۋرىگە كىرمەكتە، بىز چوقۇم ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك بايلىقلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، تىلىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئىزدىنىش ـ ئىجادىيەتلىرىگە تىل ـ يېزىقىمىز ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ مۇشۇ تىل ـ يېزىقىمىز ئارقىلىق قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرالايمىز.

2. بەزى تىلچى ـ تەرجىمانلار بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا ئىخچام، ئۇقۇملۇق، ئۆزلىشىشچان ئاتالغۇلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بۇ ھەقتىكى تەكلىپ ـ پىكىرلەرگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

| خەنزۇچە ئاتالغۇ | ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغىنى | ئۇيغۇرچە ئىخچاملاشتۇرۇلغىنى |
|---|---|---|
| 电瓶 | ئاككۇمۇلياتور | توكدان |
| 变压器 | ترانسفورماتور | بېسىم ئۆزگەرتكۈچ |
| 路线 | لۇشيەن | سىزىق ① |
| 易燃 | ئاسان يانىدىغان | ياناڭغۇ |
| 易爆 | ئاسان پارتلايدىغان | پارتلاڭغۇ |
| 易耗物品 | ئاسان خورايدىغان بۇيۇملار | خوراڭغۇ بۇيۇملار |
| 播种机 | ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى | تېرىغۇ |
| 大哥大、手机 | داگېدا، يان تېلېفون | سۆزلەشكۈ |
| 联合收割机 | كومبايىن | ئورغۇچ |
| 掘土机 | يەر كولاش ماشىنىسى | قازغۇ، قازغۇچ ② |
| 开关 | ۋېكلىيۇچاتېل | ئاچماق ③ |

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سۆز ـ ئاتالغۇلار بىرقىسىم تىلشۇناس ـ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى بولۇپ، گەرچە ئىخچام، ئۇقۇملۇق، ئۆزلىشىشچان تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار لۇغىتىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

3. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئورۇنسىز، خاتا ئىشلەتكەن ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، «تاماكىزارلىق»، «مايسىزارلىق» «ئېكىنزارلىق» قاتارلىق سۆزلەردىكى «ـ زار»، «ـ لىق» دېگەن قوشۇمچىلاردىن بىرى ئورۇنسىز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئۇلانغاندا، شۇ ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان جاينىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ. شۇڭا، يۇقىرىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ بىرىنى ئىشلىتىشلا كۇپايە. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى نەشرىياتلار بەزى ئاتالغۇلارنىڭ خاتا يېزىلىپ كېڭىيىشىگە يول قويغان. مەسىلەن، «بەتچى»، «گىرىمچى» ۋە «يادنامە» دېگەن ئاتالغۇلار خاتا ھالدا «بەتچىك»، «گىرىمچىك» ۋە «يالداما» دەپ ئىشلىتىلمەكتە. بۇ ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرى ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە.

4. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا قارىغۇلارچە سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتەك ئىلمىي بولمىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئاپتور ئۆزىنىڭ «تىل ـ يېزىقىمىزنى ئىخچاملاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە بىرنەچچە ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىش بىلەن تەڭ «7. خەنزۇ تىلىنىڭ سۆز ياساش ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك بوغۇملاردىن سۆز ياساش مەسىلىسى»نى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدىكى «... بىزمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ مۇشۇنداق سۆز ياساش ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، بېقىندى مۇناسىۋەتتىكى ئىككى خەتلىك سۆزلەرگە 1 ـ سۆزنىڭ باش بوغۇمى بىلەن 2 ـ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى ئۇلاپ سۆز ياسايدىغان قائىدە ئىجاد قىلىپ، 法人نى ‹قادەم› دەپ مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە 人权 گە ‹ئاقوق›، 世行 غا ‹دۇنكا›، 化工 غا ‹خىئەت› دېگەندەك ئىخچام سۆزلەرنى ياساپ چىقىپ، سۆز ياساش قائىدىمىزنى بېيىتساق دەپ ئويلايمەن» دېگەن ئىلمىي بولمىغان تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولغان تىلدا ئۇقۇمسىز، چۈشىنىكسىز سۆز ـ ئاتالغۇلار قانچە ئاز بولسا شۇنچە ياخشى. مېنىڭچە، تىل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا شۇ تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىرنېمە دېگەن ياخشى، قارىغۇلارچە دوراش ۋە كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ ئۆزى ئىلمىي بولمىغان پوزىتسىيەدۇر.

**4. يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە تەرەپ**

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەردىن يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ھەل قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1. ئۇيغۇر تىلى مورفېما تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بۇ يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىلمىي، سىستېمىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق. نۆۋەتتە، گەرچە بىرقىسىم ئىلمىي ئىزدىنىش - تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقاتنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى يېتەرلىك ئەمەس. بىر قىسىم يېڭى سۆز - ئاتالغۇلاردا ئىلمىيسىزلىك، سىستېمىسىزلىق ئىللەتلىرى مەۋجۇت. بىرقىسىم تىلچى - تەرجىمانلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، تەتقىقات - تونۇشى، ئىزدىنىش - ئىجادىيىتى يېتەرلىك بولمىغاچقا، يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كېلىش، تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق ئىللەتلىرى خېلىلا ئېغىر ساقلاندى، يېڭى ياسالغان ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزلىشىش - ئومۇملىشىشىمۇ تۆۋەن بولدى، بەزىلىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. مەسىلەن، «توڭلاتقۇ»، «مۇزلاتقۇ» ۋە «كىملىك» ئاتالغۇلىرى دەسلەپتە خەنزۇچىدىن «توڭلىتىش ساندۇقى»، «توڭلىتىش ئىشكابى» ۋە «سالاھىيەت كىنىشكىسى»، «سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغانىدى. لېكىن، بۇلار جانلىق تىلدا ئومۇملاشماي كۆپىنچە كىشىلەر يەنىلا خەنزۇچە «بىڭشاڭ»، «بىڭگۈي» ۋە «شېنفېنجېڭ» دەپ ئىشلەتتى. كېيىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىخچام، ئۇقۇملۇق سۆز - ئاتالغۇلار ياسالغان ھامان خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشتى ۋە تېزلا ئۆزلەشتى.

2. يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئېنىق، ئۇقۇملۇق، قۇرۇلمىسى ئىخچام، يىغىنچاق بولۇشى ھەم ئۇلار دەل، ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك. بۇ يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ تېز ئۆزلىشىش - ئومۇملىشىشىدىكى ئاساس. شۇڭا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىلشۇناس - تەرجىمانلار، تەتقىقاتچى - ئەدىبلەر، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى، بولۇپمۇ ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش كومىتېتلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات - ئىزدىنىشلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىزدەنگۈچىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشى كېرەك.

**ئىزاھ :**

① خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ: «ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە». «تىل ۋە تەرجىمە»، 1982 - 2. 18 — 21 - بەتلەر.

② پەرىدە ھامۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قىممىتى». «تىل ۋە تەرجىمە»، 1996 - 4. 16 — 17 - بەتلەر.

③ غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلار مەسىلىسى توغرىسىدا بىر - ئىككى پىكىر». «تىل ۋە تەرجىمە»، 1982 - 2. 28 - بەت.

**پايدىلانمىلار:**


[1] «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999.

[2] «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە يېڭى سۆزلەر لۇغىتى». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995.

[3] «قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار لۇغىتى». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995.

[4] جاڭ يۇڭيەن: «لېكسىكولوگىيىدىن قىسقىچە بايان». خۇاگوڭ سانائەت ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1982.

[5] جاۋ شىجى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش ئۇسۇلى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983.

[6] مۇھەممەد ئەلىجان ئەھەد: «ياشلىق پەلسەپەلىرى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000.

[7] «تىل ۋە تەرجىمە». (ئۇيغۇرچە) 2000 - 2؛ (خەنزۇچە) 1999 - 2؛ 2000 - 2.

[8] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ 1999 - يىللىق مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


**تۈزىتىش**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 30 - بەت 2 - ئىستون تۆۋەندىن 5 - قۇردىكى «كېلەلمەيمىز» دېگەن سۆزنى «كېلەلەيمىز» دەپ، 53 - بەتتىكى رامكا ئىچىگە بېرىلگەن «قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار» دىكى 法定流行病 نىڭ تەرجىمىسىنى «قانۇندا بېكىتىلگەن تارقىلىشچان كېسەل» دەپ، 非典型肺炎 نىڭ تەرجىمىسىدە تىرناق ئىچىگە بېرىلگەن «ئۆپكە كېسىلى» دېگەننى «ئۆپكە ياللۇغى» دەپ، 发热门珍 نى 发热门诊 دەپ ھەم ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىكى «ئابۇلاتورىيىسى» دېگەننى «ئامبۇلاتورىيىسى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

**«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# «قەدىر» ۋە «ئاللا» سۆزلىرىنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا

ئابدۇرەئوپ پولات

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە هازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا «قىدىرخان ياركەندى» ۋە «ئاللا» قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئىككى سۆزنىڭ ئىملاسىنى «قەدىرخان» ۋە «ئاللاھ» قىلىپ قوللانغاندىلا، ئاندىن بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىگە ۋە تىل ئىلمىغا ئۇيغۇن بولىدىغانلىقى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قەدىر؛ ئاللاھ؛ ئىملا ۋە تەلەپپۇز.

## ئەسلىي «قىدىرخان» ئەمەس، بەلكى «قەدىرخان»

16 ـ ئەسىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي هاياتىدا مۇهىم رول ئوينىغان ئالىم قەدىرخان ياركەندىنىڭ ئىسمىنىڭ شۇ چاغقىچە «قىدىرخان» شەكلىدە ئېيتىلىپ ۋە يېزىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى مۇناسىپ سورۇنلاردا ئاغزاكى كۆپ قېتىم بايان قىلدىم. نېمە ئۈچۈندۇر، ئەمەلىي ئاۋاز قوشۇشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. مەن بۇ ساهەدىكىلەرنىڭ «ئۇ زاتنىڭ ئىسمى ئەزەلدىن ئاشۇنداق ‹ قىدىرخان› ئاتىلىپ كەلگەن» دېگەن ئىزاهاتىغا مۇتلەق قايىل ئەمەسمەن. چۈنكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپلىق ئالاهىدىلىك مەۋجۇت: ئۇنىڭ بىرسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ هەرقانداق مۇئەييەن زامان تامغىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئېنىق ئۇقۇم، روشەن مەنىگە ئىگە؛ ئىككىنچىسى بولسا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئەگەر، بۇ چۈشەنچە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە دەپ قارالسا، ئۇ هالدا، ماۋزۇيىمىزدىكى ئالىمنىڭ ئىسمىنىمۇ مۇشۇ ئەندىزە بويىچە، نوپۇزلۇق كلاسسىك تېكىستلەردىكى يېزىلىش شەكلى ئاساسىدا تەهلىل قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىمىز.

ئالىم قەدىرخان ياركەندى هەققىدىكى مەلۇمات 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ئىسمەتۇللاھ ئىبنى نېمەتۇللاھ مۆجىزى يازغان كلاسسىك ئەسەر «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى)دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

(ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ) ئون ئۈچىنچى پىرى قەدىرخان ياركەندىدۇركىم، بۇ ئەزىزدېك بۇ فەندە مەهارەت كۆرسەتكەن ئۇستاد ئازدۇر......سۇلتان ئابدۇررەشىدخانكىم، مەئرۇف مەشهۇردۇر، قەدىرخانسىز تەئام شەراب تارتماس، ئۇيقۇغە بارماس ئېردى. قەدىرخان «ۋىسال» ئاتلىغ بىر مۇقامنى ئىختىراڭ قىلىپ شاگىردلارىغە ئۆرگەتتى. ئابدۇررەشىدخان پادىشاهدىن ئىككى يىلدىن كەيىن ئالەمدىن كەتتىلەر [1]

(« ئۇيغۇر مۇزىكا ئىلمىنىڭ» ئون ئۈچىنچى پىرى قەدىرخان ياركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماهارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز...... داڭلىق سۇلتان ئابدۇررەشىدخان غىزادىمۇ، يېتىپ ـ قوپۇشتىمۇ قەدىرخاندىن ئايرىلمايتتى. قەدىرخان «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن. ئۇ ئابدۇررەشىدخان پادىشاه ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.)

ئەهمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەزكۇر تېكىستتە، ماۋزۇيىمىزدىكى ئالىمنىڭ ئىسمى «قدیرخان يارکندی» شەكلىدە يېزىلغان ، بۇ «قەدىرخان ياركەندى» دەپ ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، ئەرەبچىدە، شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «قدیر» شەكلىدە يېزىلغان سۆز هەرگىزمۇ «قىدىر» تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە بولغان مەزكۇر « قەدىر » سۆزىنىڭ مەنىسى «قۇدرەتلىك، قادىر» دېگەن بولىدۇ.

دېمەك، ماۋزۇيىمىزدىكى ئالىمىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسمى «قۇدرەتلىك، قادىر» مەنىسىدىكى «قەدىر» بىلەن ، ئۆز زامانىسىدا پادىشاه جەمەتلىرى ۋە ئەركەكلەر ئىسىملىرىغا قوشۇپ ئېيتىلىدىغان «خان» سۆزىنىڭ

بىرىكتۈرۈلىشىدىن هاسىل بولغان «قەدىرخان» بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۇيغۇر ئىسمشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تۈپ قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئەرەبچىدە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «قىدىر» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، «قدر» يېزىلىدىغان بىر سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «قازان، قۇم قازان» دېگەن بولىدۇ. ②هالبۇكى، هۆرمەتكە سازاۋەر ئالىمىمىزنىڭ «قادىر، قۇدرەتلىك» مەنىسىدىكى ئىسمىنى «قەدىر» دەپ ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشقا تىل ئىمكانىيىتىمىز بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى «قازان، قۇم قازان» مەنىسىدىكى «قىدىر» سۆزى بىلەن ئاتىساق، ئاڭلىق- ئاڭسىز هالدا، ئالىم بوۋىمىزغا هاقارەت قىلغان بولۇپ قالىمىز.

## ئەسلي «ئاللا» ئەمەس، بەلكى «ئاللاھ»

ئاللاھ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك مەبۇدىدۇر. ئەرەبلەر مەزكۇر ئىسىمدىكى باش «ئا» تاۋۇشىنى «ئە» گىرەك تارتىپ، «ئەللاھ» تەلەپپۇز قىلغاندىن باشقا، دۇنيادىكى يۈز مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ هەممىسى ئوخشاشلا «ئاللاھ» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ، ئوخشاشلا «ئاللاھ» (Allah) قىلىپ يازىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىزدا ۋە يېزىقىمىزدا ئۇنى ئەينەن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىمىز بار تۇرۇقلۇق ، ئۇنى «ئاللا» دەپ يېزىش ۋە ئوقۇشىمىز بىر نۇقسان هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، «بۇنى جەزمەن تۈزىتىش لازىم» دەپ قارايمەن.

بۇ يەردە شۇنى ئېنىق بايان قىلىش لازىمكى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپلا، «ئاللاھ» سۆزىنى ئەينەن، توغرا ۋە تولۇق تەلەپپۇز قىلغان ۋە «الله» شەكلىدە يېزىپ كەلگەن. بۇنىڭغا كلاسسىك قوليازمىلار ياخشى گۇۋاه بولالايدۇ. دەرۋەقە، «ئاللاھ» سۆزى كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر دېهقانلار تىلىدا «ئاللا» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانلىقى راست. ئاندىن، يېزىق تىلىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، 1953 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىملادا «ئاللا» يېزىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. بىراق، «ئاللاھ» سۆزىنى «ئاللا» دېيىش ۋە مۇشۇ دېگىنىمىز پېتىچە يېزىش بىلەنلا، بۇ يەردە بىر «ھ» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويىۋاتقانلىقىمىزنىڭ خىجىلچىلىقىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايۋاتقانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. ئالايلۇق، ئۇيغۇرچىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىگە- خەۋەر بىرىكمىسى «ئاللاهۇ ئەكبەر» (ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر)نى، شۇنداقلا ئېنىقلاش- ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمە سۆز «ئاللاهۇ تەئاللا» (تەڭدىشى يوق ئاللاھ)نى تەلەپپۇز قىلغاندا ۋە يازغاندا، «ھ»نى تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئادەتتە، ئالدىراپ كەتكەندە، «بىسمىللا» دەپلا كېتىۋەرگەن بىلەن، «بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم» (ئەڭ رەهىمدىل ئاللاهنىڭ ئىسمى بىلەن) دېگەن يەرگە كەلگەندە، «ھ» تاۋۇشى تولۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە باشقىلار. دېمەكچىمەنكى، «ئاللاھ» سۆزىنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدىكى تۇراقلىق جۈملە ۋە بىرىكمىلەردە نۇقسانسىز ئىشلىتىلىۋاتقانلىق ئەمەلىيىتىمۇ، مەزكۇر سۆزدىكى «ھ» هەرپىنى يېزىقتا تاشلىۋېتىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئەگەر بۇ مۇهاكىمە تىل ئەهلى تەرىپىدىن توغرا كۆرۈلگەن تەقدىردە، هازىردىن باشلاپلا «ئاللاھ» سۆزىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە نۇقسانسىز يېزىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**ئىزاھ :**

① مۆئجىزى: «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن». قوليازما، 23 ـ 24 ـ بەتلەر.

②«ئەرەبچە ـ خەنزۇچە لۇغەت». بېيجىڭ: سودا نەشرىياتى، 1978 . 1014 ـ بەت.

---

(بېشى 32 ـ بەتتە)

تەرجىمىسى: زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تۆۋەنلەپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە دۆلەت پېيى كونترول قىلىنغان كارخانىلار ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا مۇقىم ئاشقان.

بۇ جۈملىدە «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تۆۋەنلەپ» دېگەن سۆز خەت مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنغاچقا، لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا «زىيان سوممىسى يەنىمۇ تۆۋەنلەپ» دەپ ئېلىنغان بولسا توغرا بولاتتى.

ئومۇمەن، رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەرجىمان ـ مۇهەررىرلەر خەنزۇچىنى بىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئۆز ئانا تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، لوگىكا بىلىملىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشى، رادىئو ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا سۆزلەرنى جانلىق ئىشلىتىپ، پۈتۈن ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ ماقالە بۆلەكلىرىگىچە بولغان مەزمۇنىنىڭ لوگىكىغا مۇۋاپىق بولۇشىغا ئەهمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا بىز رادىئو ئاڭلىتىشىنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە ئاڭلاشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

2003 ـ يىل 3 ـ سان | تىل ۋە تەرجىمە | 22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
2003 年第 3 期 | 语言与翻译(维吾尔文) | 第 22 卷(总第 146 期)
No. 3, 2003 | Language and Translation (Uighur) | Volume 22 (General No. 146)

# تىلىمىزدىكى بىر ـ ئىككى سۆزنىڭ ئىملاسى ۋە مەنىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

يولۋاس راشىدىن

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى 830043)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «چۈمبەل» بىلەن «چۈمبەت» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىكى پەسىل ناملىرىنىڭ ئىزاھىدا ساقلانغان مەسىلە قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، شۇنىڭغا قوشۇپ، لۇغەتلىرىمىزدىكى «بىر ۋاراقى» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تىل؛ لۇغەت؛ چۈمبەت؛ پەسىل نامى؛ بىرۋاراقى.

## 1. «چۈمبەت» مۇ «چۈمبەل»؟

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1974 ـ يىلى نەشر قىلغان يېڭى يېزىق «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» تە 面纱 سۆزى «چۈمبەل» ۋە «چۈمبەت» دەپ بېرىلگەن (563 ـ بەت). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان ئىككى توملۇق «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» تە 面纱 غا چۈمبەل ۋە چۈمبەت سۆزلىرى ئۇدۇللانغان (1 ـ توم 1233 ـ بەت). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان يېڭى يېزىق «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» تە «چۈمبەل» ۋە «چۈمپەردە» سۆزلىرى بېرىلگەن (387 ـ بەت). شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تە «چۈمبەل» ۋە «چۈمپەردە» سۆزلىرى تىلغا ئېلىنغان (618 ـ بەت). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان، ئەنۋەر جاپپار تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»تە 面纱 نىڭ ئۇيغۇرچىسى «چۈمبەل» ۋە «چۈمپەردە» دەپ كۆرسىتىلگەن (560 ـ بەت).

كۆرسىتىلگەن بۇ لۇغەتلەرنىڭ ئايرىملىرىدا «چۈمبەت» سۆزى «چۈمبەل»نىڭ كەينىگە تىزىلغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا تىلغا ئېلىنغان، لېكىن كۆپىنچىسىدە بۇ سۆز پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلگەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىملا لۇغەتلىرىدىمۇ «چۈمبەت» چىقىرىۋېتىلگەن. مەسىلەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» دە «چۈمپەردە» تىلغا ئېلىنغان بولسا (252 ـ بەت)، 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»دە «چۈمبەل» سۆزلەم قىلىنغان (351 ـ بەت). ھەر ئىككى لۇغەت «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى»غا ئىملا بېكىتكەن بولسىمۇ، ئىككىلا لۇغەت «چۈمبەت» نى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ھەتتا مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قامۇسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىمۇ «چۈمپەردە» ۋە «چۈمبەل» لەرگە ئىزاھ بېرىلگەن، «چۈمبەت» كە ئورۇن بېرىلمىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «چۈمبەت» نىڭ سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى «چۈمبەل» ۋە «چۈمپەردە» سۆزلىرى ئىگىلەش يۈزلىنىشى مۇقىملاشتى. لېكىن، بۇ يەردىكى «پەردە»نىڭ «چۈم» كەيدىغىنى «بەل» مۇ ياكى «بەت» مۇ؟

تەكشۈرۈپ كۆرەيلى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «بەت» سۆزى «باشنىڭ ئالدى تەرىپى، يۈزى» (1 ـ توم 412 ـ بەت) دەپ، «بەل» بولسا «ئارقا ئومۇرتقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى » (1 ـ توم 438 ـ بەت) دەپ ئىزاھلانغان. ئەمىسە، پەردە «ئارقا ئومۇرتقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى»نى «چۈم» كەمدۇ ياكى «باشنىڭ ئالدى تەرىپى، يۈزى»نى «چۈم» كەمدە؟ بىرىنچى ئەھۋالدا «چۈمبەل» دېيىش توغرا، ئىككىنچى ئەھۋالدا بولسا جەزمەن «چۈمبەت» دېيىش شەرت. ھەممىگە ئايانكى، بەلگە پوتا باغلىنىدۇ، ھەرگىز «پەردە» تارتىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەر كىيىملەر بىلەن «چۈم»كىلىپ تۇرىدۇ، پەردە كىيىم كىيىشكە بولمىغانلىقتىن، ئوچۇق قالىدىغان «بەت»كە تارتىلىدۇ، يەنى «پەردە»نىڭ «چۈم» كەيدىغىنى «بەت»، شۇڭا توغرىسى «چۈمبەت». بۇ سۆزنىڭ ئورنىنى «چۈمبەل»نىڭ ئىگىلىشى خاتانىڭ توغرىنى سىقىپ چىقىرىشى ھېسابلىنىدۇ. چوقۇم «چۈمبەت»نى قېلىپلاشتۇرۇش، «چۈمبەل»نى لۇغەتلەردىن چىقىرىۋېتىش كېرەك.

## 2. لۇغەتلىرىمىزگە كىرگۈزۈلگەن پەسىل ناملىرىنىڭ ئىزاھىدىكى پەسىللەر چېگرىسى ۋە «بىرۋاراقى» سۆزى ھەققىدە ئىككى پىكىر

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە پەسىللەرنىڭ چېگرىسى مۇنداق ئايرىلغان:

ئەتىياز— 3 ـ فېۋرالدىن 5 ـ مايغىچە (1 ـ توم 234 ـ بەت).

ياز— 5 ـ مايدىن 6 ـ ئاۋغۇستقىچە (6 ـ توم 443 ـ بەت).

كۈز— 7 ـ ئاۋغۇستتىن 7 ـ نويابىرغىچە (4 ـ توم 704 ـ بەت).

قىش — 7 ـ نويابىردىن 21 ـ يانۋارغىچە (4 ـ توم 434 ـ بەت).

تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن يازنىڭ باشلىنىشى «5 ـ ماي»، يەنە كۈزنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن قىشنىڭ باشلىنىشى «7 ـ نويابىر» ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ، بۇ «5 ـ ماي» مۇ، «7 ـ نويابىر»مۇ ئىككى پەسىلگە ئورتاق دېگەنلىكتۇر. مانا مۇشۇنداق بىر سان قىممىتىنىڭ (مەسىلەن، «5 ـ ماي» ياكى «7 ـ نويابىر»نىڭ) ئىككى تىل قىممىتىگە (مەسىلەن، «ئەتىياز» بىلەن «ياز»غا ياكى «كۈز» بىلەن «قىش»قا) ئورتاق بولۇشى مۇجمەل تىل ھاسىل بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، دەپ قارىلىدۇ ۋە ئۇ مۇجمەل تىل تەبىئىي تىلنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى، «ياز» بىلەن «كۈز»نىڭ چېگرىسىغا نەزەر تاشلىساق، بۇ ئىزچىللىق بۇزۇلىدۇ، يەنى ياز «6 ـ ئاۋغۇست»تا ئاخىرلاشسا، كۈز «7 ـ ئاۋغۇست»تا باشلىنىدۇ. مۇنداق ئىزچىلسىزلىق «قىش» بىلەن «ئەتىياز» چېگرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، يەنى قىش «21 ـ يانۋار»دا ئاخىرلاشسا، ئەتىياز «3 ـ فېۋرال»دا باشلىنىدۇ، بۇ ئوتتۇرىدا توپ ـ توغرا 11 ـ 12 كۈننىڭ پەسىل تەۋەلىكى يوق. بۇ نۇقسان «ئىزاھلىق لۇغەت»نىڭ بىر توملۇق نۇسخىسىدىمۇ ئەينەن تەكرارلانغان. قورال كىتابلاردا مۇنداق ئىزچىلسىزلىق، ھەتتا خاتالىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكىگە جىددىي نۇقسان كەلتۈرىدۇ.

«بىرۋاراقى» سۆزى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 1 ـ توم 570 ـ بېتىدە بېرىلگەن. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى[بىر + ۋاراق + ى ] دەپ، يەنى «بىرۋاراق»تىن كېلىپ چىققان دەپ كۆرسىتىلگەن. «بىرۋاراق»تىن قانداقلا قىلغان بىلەن «قەدەممۇقەدەم، بىر ـ بىرلەپ، پەيدىنپەي، بارا ـ بارا، تەدرىجىي» دېگەن مەنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۆز «بىر + ۋاراق» تىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى «بىرۋاراقى» ئەمەس، «بىرۋارىقى» بولاتتى. مېنىڭچە، ئەسلىي بۇ سۆز «بىرۋىراقى» دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى[بىر + بىر + ئا (ر) قى] دەپ كۆرسەتكىلى بولاتتى. بۇ «بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنىڭ «قەدەممۇقەدەم، بىر ـ بىرلەپ، تەدرىجىي» دېگەن مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىۋېلىشمۇ ئوڭايغا توختايتتى. فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەھەتتىمۇ 1 ـ بوغۇمدىكى پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش «ب»دىن 3 ـ بوغۇمدىكى ئۇچۇق سوزۇق تاۋۇش «ئا»غا ئۆتۈشكە تەييارلىنىش ئۈچۈن، 2 ـ بوغۇمدىكى «ب»نىڭ سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «ۋ» غا ئۆزگىرىشىنى بىلىۋالماقمۇ تەس كەلمەيتتى.

مىڭ ئەپسۇس، بۇ سۆز تىلغا ئېلىنغان باشقا لۇغەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە، ھەتتا ئىملا لۇغىتىدىمۇ يەڭگىللىك بىلەن «بىرۋاراقى» دېيىلگەن.

---

(بېشى 18 ـ بەتتە ) سۆزىنىڭ «تېببىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ھەم كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى» دېگەن مەنىسى بار. «مېھمان» سۆزىنىڭ «توي، چاي، زىياپەت، يىغىلىشلارغا چاقىرىلغان ياكى مۇشۇنداق مۇناسىۋەت بىلەن كۈتۈۋېلىنغان كىشى» دېگەن مەنىسى بار. «بارماق» دېگەن سۆز «بىرەر جايدا، بىرەر كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا بولماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، خۇددى «مۇئەللىمگە بارىمىز»، «ئىشچىغا بارىمىز»، «ئاشپەزگە بارىمىز» دېگىلى بولمىغاندەك، بۇ سۆزنىمۇ ئۇنداق ئىشلىتىش مەنتىققە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا، بىز «مېھماندارچىلىققا بارىمىز»، «دوختۇرخانىغا بارىمىز» ياكى «دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارىمىز» دېگەن شەكىللەرنى ئىشلەتسەك مۇۋاپىق بولاتتى.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ جانلىق تىلىمىز ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم. پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بۇ ھەقتە كەسپداشلارنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ۋە جانلىق تىلىمىزنىمۇ توغرا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**پايدىلانمىلار:**

[1]«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، (1 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ كىتاب). بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990— 1999 .

[2]«مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە). 2002 ـ 11. 63 ـ بەت.

[3]«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. 1998ـ 6. 52ـ بەت.

# قۇمۇل شېۋىسىدىكى بىر قىسىم ياردەمچى تىل ئېلېمېنتلىرى توغرىسىدا

**خالىدە روزى**

(شىخەنزە كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى، شىخەنزە 832000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسىدىكى بىر قىسىم ئۆزگىچە قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەر ئەدەبىي تىل بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇمۇل شېۋىسىدە ئىشلىتىلىشۋاتقان، ئەمما ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىلمەيدىغان، شېۋە پۈرىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى تەڭداشلىرى سېلىشتۇرما ئاساسىدا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قۇمۇل شېۋىسى؛ ئەدەبىي تىل؛ سۆز ـ ئىبارە؛ قوشۇمچە.

قۇمۇل ــ تارىختا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئۇستۇنلۇككە ئىگە يۇرت بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە ئىزنالىرىنى ساقلاپ قالغان جاي. بۇ ئارتۇقچىلىق قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. قۇمۇل شېۋىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇلگىلىرىنى نىسبەتەن كۆپرەك ساقلاپ كەلگەن شېۋە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە يات تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شېۋە رايونلىرىنىڭ بىرى. قۇمۇل شېۋىسىدە ئىشلىتىلىش جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدىغان بىر قىسىم ياردەمچى تىل ئامىللىرى (قوشۇمچىلار ۋە تىركەلمە خاراكتېرىدىكى ياردەمچى سۆزلەر) بولۇپ بۇلارنىڭ بەزىلىرى شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ياردەمچى ئامىللارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە مەنىسى جەھەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ياردەمچى ئامىللاردىن پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندە قۇمۇل شېۋىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن پەرقلىنىدىغان بىر قىسىم ياردەمچى ئامىللار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. «كى» قوشۇمچىسىنىڭ ئۆلىنىپ كېلىشى.

1) «كى» قوشۇمچىسى جۈملىدە بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، ئارزۇ ۋە ھېس ـ تۇيغۇ قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيلەرگىمۇ باسلاكى (بارسىلاكى). (ئۆيلەرگىمۇ بېرىڭ.)

جىممىدە ئۇتتۇماي گەپ قىسلاكى (قىلسىلاكى). (جىممىدە ئولتۇرماي گەپ قىلىڭ.)

2) «كى» قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدىكى بۇيرۇق، تەلەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ـ غاي //ـ قاي، ـ گەي //ـ كەي» قوشۇمچىلىرىغا يېقىنراق مەنىدە بولۇپ، ئۆتۈنۈش ۋە تەكلىپ ياكى مەلۇم ھەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك، يامان ئاقىۋەتكە قېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قانغۇچە ئۇخلىۋالدىكى. (ئۇ قانغۇچە ئۇخلىۋالسۇن.)

نوچى بولسا ئۇرۇپ باقتىكى. (نوچى بولسا ئۇرۇپ باقسۇن.)

2. « ـ سىنا» قوشۇمچىسىنىڭ ئۆلىنىپ كېلىشى.

قۇمۇل شېۋىسىدىكى « ـ سىنا» قوشۇمچىسى جۈملىدە ئاساسەن ئۆتۈنۈش، تەلەپ قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بولدى قىسىنا (قىلسىنا). (بولدى قىلىڭچۇ.)

ئۆكاڭنى تولا ئانىي تاپمىسىنا. (ئۆكاڭنى تولا ئانىي تاپمىغىن.)

3. « ـ غا» قوشۇمچىسىنىڭ ئۆلىنىپ كېلىشى.

قۇمۇل شېۋىسىدىكى « ـ غا» قوشۇمچىسى مەنە ۋە رولى جەھەتتىن « ـ كى» قوشۇمچىسىغا ئوخشاش بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، ئارزۇ، ھېس ـ تۇيغۇ قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپكە ۋېلسىپىتلىك بارايىنگغا. (مەكتەپكە ۋېلسىپىتلىك بارايلى.)

ئالىم ئالدىراش بولمىسا، ھازىرلا كەلگىيغا. (ئالىم ئالدىراش بولمىسا، ھازىرلا كەلسۇن.)

4. «ـ كىنا //ـ غىنا، ـ نى ، نىڭ، ـ نى ، كى، كىن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى.

بۇ قوشۇمچىلار بۇيرۇق، تەلەپ رايىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ تەلەپ، تەكلىپ، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

①بازاغا بارايىنى // بازاغا بارايىنىڭ // بازاغا بارايىنگكىنا //بازاغا بارايىنگغىنا.

②بازاغا بارايىنى // بازاغا بارايىنكى // بازاغا بارايىنگكى //بازاغا بارايىنگغا.

③يېزىغا بارايىنى // يېزىغا بارايىنىڭ // يېزىغا بارايىنگغا //بارايىنگغىنا // بارايىنگكىنا.

④يېزىغا بارايىنى // بارايىنكى // بارايىنگكى

5. تىركەلمە رولىدىكى «ئاس» سۆزى .

قۇمۇل شېۋىسىدە «ئاس» دېگەن بۇ سۆز تىركەلمە رولىدا كېلىپ، جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ قارشى تەرەپكە قارىتا پەرەز ۋە گۇمانى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنا كەلمىدى، ئاس بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ. (ماشىنا كەلمىدى، قارىغاندا بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ.)

ئاچام كەلمىگىلى نەچچە كۈن بولدى، ئاس ئالدىراش ئوخشايدۇ. (ئاچام كەلمىگىلى نەچچە كۈن بولدى، قارىغاندا ئالدىراش ئوخشايدۇ.)

6. «ئەستى» سۆزى.

بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدىكى «ئەسلى، ئەسلىدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىداش بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلدۈرىدۇ. ئېھتىمال «ئەسلى» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەستى سېنىڭ نىيىتىڭ بۇرۇنلا بۇزۇق. (ئەسلى سېنىڭ نىيىتىڭ بۇرۇنلا بۇزۇق.)

كىتابىمنى ئەستى سەن تىقىپ قويۇپسەن ـ دە. (كىتابىمنى ئەسلىدە سەن يوشۇرۇپ قويۇپسەن ـ دە.)

7. «جىسلە» سۆزى.

قۇمۇل شېۋىسىدە «جىسلە» دېگەن بىر سۆز بولۇپ، بۇ سۆز جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەسلىك، ئەپسۇسلىنىش ۋە ئەيىبلەش تەرىزىدە ھەيران قېلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى «توۋا» سۆزىگە مەنىداش كېلىدۇ. مەسىلەن:

جىسلە، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرلەمۇ؟ (توۋا، سىزمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈردىڭىزمۇ؟)

جىسلە، ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق ئەسكى بولامدۇ؟ (توۋا، ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق ئەسكى بولامدۇ؟)

بۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشقان كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز ـ ئىبارىلەردىن ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاشمايدىغان سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

| قۇمۇلدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| يامداق | سۈپۈرگە |
| توپچا | تۈگمە |
| كېپىش | ئاياغ |
| مۇرجۇق | بوسۇغا |
| تۇرنۇك | دېرىزە |
| تۇۋە | ئۆگزە |
| ئېرىغ | ھەممىسى |
| قوق | ئېشەك |
| شۇرلىما | قوناق |
| خالو | نوغۇچ |
| كىلىت | ئاچقۇچ |
| تەلەڭگە | جاۋۇر |
| سوقا | كورۇشكا |
| بوغوم | ئۇكام |
| گەردىنە | چوڭ چىنە |
| جوزا | چاپان |
| لالاق | ئەركە |
| لېپىر | كونا، ئەسكى ـ تۈسكى |
| خەنتەي | مايكا |
| كەرۇ | كۆپ، جىق، زىيادە |
| سەرمە | تارتما |
| گارا | پاسكىنا، مەينەت |
| ھۇڭقۇي | شىلىم |

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار قۇمۇل شېۋىسىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان، شۇنداقلا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان تىل ئېلېمېنتلىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ئاساستا ئىزدىنىشىمىز زۆرۈردۇر.

# جانلىق تىلىمىزدا نامۇۋاپىق ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم سۆز - ئىبارىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە

دىلبەر ئەھەت
(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا نامۇۋاپىق ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە سۆز- ئىبارە ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنى توغرا ئىشلىتىش توغرىسىدىكى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.
**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جانلىق تىل؛ نامۇۋاپىق سۆزلەر؛ توغرا ئىپادىلەش.

كىشىلەر جانلىق تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن، ئۆزى ئىشلەتكەن تىلىنىڭ شەكىل قائىدىسىگە بويسۇنۇپ، سۆزلىگەندە توغرا سۆزلىشى، سۆزى گرامماتىكىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، سۆزلىگەن سۆزى ئالاقە ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتنىڭ ئۆرپ- ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ماس كېلىشى كېرەك. ھەممىگە مەلۇمكى، جانلىق تىل يېزىق تىلىدىن بۇرۇن شەكىللەنگەن. ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

پەن- مەدەنىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئۇيغۇر تىلى بارغانسېرى بېيىپ، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچى بارغانسېرى ئاشماقتا. لېكىن، بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئاغزاكى تىلدا بەزى سۆز- ئىبارىلەرنى باشتىن- ئاخىر خاتا ئىشلىتىپ ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا. بۇ خىل ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىغىنىمۇ يوق. كۆپلىرىمىز بۇ مەسىلىگە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا سەل قاراۋاتىمىز. شۇڭا، مەن بۇ توغرۇلۇق ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسىپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە، «ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا نامۇۋاپىق ئىشلىتىۋاتىلىدۇ» دەپ قارىغان بىرنەچچە سۆز- ئىبارە توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمەن.

1. «ئادەم كۆپ بولسا ئېشەك ھارام بولۇپتۇ».

بۇ ئىبارىدە بىز «ئىشنى بېجىرىدىغان ئادەم كۆپ بولسا ئىش بۇزۇلار، ئىشنى كەسىپ ئەھلى قىلىشى كېرەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەكچى. بىزگە مەلۇم، مۇسۇلمانلار ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىغا قاراپ، ھايۋانلارنى ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ئېشەك بولسا مۇسۇلمانلار گۆشىنى ئىستېمال قىلمايدىغان ھايۋان بولغاچقا، ئۇنى ئەسلىدىنلا ھارام دەيدۇ. ئەسلىدىنلا ھارام نەرسىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ھارام دەپ ئاتىلىشى تەپەككۇر قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا، بىز بۇ ئىبارىنىڭ ئورنىغا بۇرۇندىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان « موللا كۆپ بولسا قوي ھارام بولۇپتۇ» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىنى ئىشلەتسەك ياكى «ئادەم كۆپ بولسا ئېشەك ئۆلۈپتۇ» دېسەك مۇۋاپىق بولاتتى.

2. «ئوبۇرنى قىستاپ كەتتى».

«ئوبۇرنى» دېگەن سۆز رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن ئورۇننى بىلدۈرىدىغان كونكرېت ئىسىم. «قىستاش» دېگەن سۆز بەزى سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئىش- ھەرىكەتنى بېجىرىشكە بولغان تەلەپ- خاھىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «كۈلكىسى قىستاش»، «تەرىتى قىستاش» دېگەنگە ئوخشاش. ئورۇننى بىلدۈرىدىغان كونكرېت ئىسىمنىڭ كەينىگە «قىستاش» دېگەن سۆزنى قوشۇپ سۆز- بىرىكمىسى تۈزگىلى ۋە سۆز ياسىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «سىنىپ قىستاپ كەتتى»، «ئۆي قىستاپ كەتتى»، «ئىشخانا قىستاپ كەتتى» دېگىلى بولمىغانغا ئوخشاش. مېنىڭچە، بۇ سۆزنى ئوچۇق ئېيتىشقا بولىدىغان سورۇنلاردا «تەرەت قىستاپ قالدى» دەپ ، ئوچۇق ئېيتىشقا ئەپسىز بولغان سورۇنلاردا «قىستاپ قالدى» دەپ ئىشلەتسەك مۇۋاپىق بولىدۇ.

3. «دوختۇرغا بارىمىز»، «مېھمانغا بارىمىز».

ئۇيغۇر تىلىدا «دوختۇر» (ئاخىرى 15 ـ بەتتە)

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداشلارنىڭ ئىسىملىشىشى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

**ئابدۇۋەلى ئايۇپ**

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتى، لەنجۇ 730030)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى تامامەن يوقىتىپ ئىسىملىشىش ھادىسىسى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ ھەمدە ئىسىمداشلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قىسقارتىشقا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىسىمداشلار؛ ئىسىملىشىش؛ ئەھمىيەت.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداشلار «پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان شەكلى بولۇپ، ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ»، «ئىسىمداشلار ‹ش›لىق ئىسىمداش، ‹ماق›لىق ئىسىمداش، ‹غۇ›لۇق ئىسىمداش قاتارلىق يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ» («خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (مورفولوگىيە)»). گەرچە، ئىسىمداشلار تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمايدۇ. مەسىلەن، «يېزىش» دېگەن ئىسىمداش پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. تۈرلەنگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىسىمداش بولالايدۇ. يەنى، يېزىش (ئەسلىي دەرىجە)، يېزىلىش (مەجھۇل دەرىجە)، يازدۇرۇش (مەجبۇرىي دەرىجە)، يېزىشىش (ئۆملۈك دەرىجە) دېگەنلەردەك. لېكىن، ھەممە ئىسىمداشلارنىڭ بۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزچە بەزى ئىسىمداشلار ئۆزىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى تامامەن يوقىتىپ تىل ئىستېمالىدا ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ ۋە تەدرىجىي ئىسىم بولۇپ تۇراقلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇش، سوقۇش، ئۇقتۇرۇش، ئوقۇش.... ئەلۋەتتە، بۇلار ئاللىقاچان ئىسىملىشىپ ئىستېمالدا قوللىنىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغانلىرى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم يېڭىدىن ئىسىملاشقان ۋە ئىسىملىشىۋاتقانلىرىنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، يۆنىلىش، يۈزلىنىش، بۇرۇلۇش، بۇزۇلۇش، ئۆزگىرىش، ئىشلەپچىقىرىش..... بۇنداق ئىسىملىشىش ھادىسىسى «ش»لىق ئىسىمداشلاردا گەۋدىلىك بولغاندىن تاشقىرى يەنە «غۇ»لۇق ئىسىمداش، «ماق»لىق ئىسىمداشلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تارماق، قالماق، چاقماق، قايماق، ... تۇيغۇ، سەزگۇ، ئۇرغۇ، چالغۇ.... بۇنداق ھادىسە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، ئەتمەك (نان ‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە›) كۆزگۇ (ئەينەك «كۆرگۇ» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ). تۆۋەندە بىز «ش»لىق ئىسىمداشلارنى ئاساس قىلىپ، ئىسىملاشقان ئىسىمداشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىمىز.

1. ئىسىملاشقان ئىسىمداشلار پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن، بىز «قۇرۇلۇش، يۈزلىنىش، بۇرۇلۇش، تالاش» قاتارلىق ئىسىملاشقان ئىسىمداشلارنى پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن مەجبۇرىي تۈرلىسەك مەنە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنى، قۇرۇلدۇرۇش، يۈزلەندۈرۈش، بۇزۇلدۇرۇش، تاللىنىش... دېمەك، بۇ ئىسىمداشلار ئاللىقاچان ئىسىملاشقان بولۇپ، پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى تامامەن يوقاتقان.

2. ئىسىملاشقان ئىسىمداشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۇلارنىڭ ئىسىمداش شەكلى بىلدۈرگەن لېكسىكىلىق مەنىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

مەن درامىنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ بولدۇم.

ھەممە سۈرەتلەر ئېنىق كۆرۈنۈشى كېرەك.

قۇرۇلۇش باشلاندى، لېكىن ماتېرىيال تولۇق ئەمەس.

بۇنداق تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى مۇقەررەر.

ئۇيغۇر تىلىدا قانچە كېلىش بار؟

كېلىشگنى بىلمەپتىمەن.

بۇ مىساللاردىكى ئىسىملاشقان «كېلىش، كۆرۈنۈش، قورۇلۇش» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئىسىمداش رولىدا كەلگەن «كېلىش، قورۇلۇش، كۆرۈلۈش» قاتارلىق سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ.

3. ئىسىملاشقان ئىسىمداشلار ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان تۈرلۈك قوشۇمچىلار بىلەن بىرىكەلەيدۇ. مەسىلەن، نا + تونۇش = ناتونۇش، ئۇرۇش + خۇمار = ئۇرۇشخۇمار، سوقۇش + سىز = سوقۇشسىز....

4. ئىسىملاشقان ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش سۈپەت ۋە سانلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇرۇنقى قارىشىمدىن ۋاز كەچتىم.

بىز ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلدۇق.

5. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملاشقان ئىسىمداشلار ئاساسەن پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلىدە تۇراقلاشقان بولۇپ، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا مەجھۇل دەرىجە شەكلىدە تۇراقلاشقان. مەسىلەن، قورۇلۇش، بۇرۇلۇش، ئاتالغۇ، تۇرالغۇ، قونالغۇ، يېقىلغۇ، تېرىلغۇ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملاشقان «غۇ»لۇق ئىسىمداش، «ماق» لىق ئىسىمداش ۋە «ش» لىق ئىسىمداشلارنىڭ بەزىلىرىنى كونتېكىستسىزمۇ پېئىللارنىڭ ئوخشاش ئىسىمداش شەكىللىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىنى كونتېكىستسىز پەرقلەندۈرۈش تەس. شۇڭا، ئىسىمداشلارنىڭ ئىسىملاشقان ياكى ئىسىملاشمىغانلىقىنى يەنىلا كونتېكىستقا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقى ئىسىملىشالايدىغان ئۈچ خىل ئىسىمداشنىڭ قوشۇمچىلىرى پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە تۇراقلاشقان، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ قوشۇمچىلار ئىسىمداشلارنىڭ ئىسىملىشىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئىسىمداش قوشۇمچىسى بولۇشتىن مەخسۇس ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ ئۆزگەرگەن. لېكىن، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئابستراكتلىشىش دەرىجىسى باشقا پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا قارىغاندا تۆۋەن بولۇپ، بۇنى ئۆتكۈنچى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ قاراش مۇمكىن.

ئىسىمداشلارنىڭ ئېنىقلىمىسىدا دېيىلگەندەك، ئىسىمداشلار ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ ھەم بىز يۇقىرىدا مۇلاھىزە قىلغاندەك ئىسىملىشالايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم ئىسىمداشلار بىلەن بىللە كەلگەن سۆزلەر مەلۇم ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن مەكتەپكە باھالاش ئۆمىكى كەلمەكچى.(بۈگۈن مەكتەپكە باھالاش كەلمەكچى.)

يەنە بازار باشقۇرۇشتىن ئادەم كەپتۇ.

ئەتە سۈبەت تەكشۈرۈشتىن ئادەم كەلمەكچى.

شەھىرىمىزدە مېھمان كۈتۈش كۆپ.

بۇ جۈملىلەردە ئىسىمداشلاردىن كېيىن كەلگەن ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ۋە ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئېغىز تىلىدا چۈشۈپ قالغان. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمداشلار بىۋاسىتە ئىسىملىشالايدىغان بولغاچقا، ئېغىز تىلىدا ئىسىمداشلاردىن كېيىن بىرىكمىنىڭ ئىسىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىدىغان بۆلىكى قىسقىراپ كەتكەن. ھازىر بۇ خىل قىسقارغان بىرىكمىلەرنىڭ بەزىسى ئاللىقاچان ئەدەبىي تىلدا ئېتىراپ قىلىندى. مەسىلەن، مېھمان كۈتۈش ( 招待所 )، بازار باشقۇرۇش، باھالاش قاتارلىقلار... بىزنىڭچە ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك جانلىق قوللىنىلىشى كېرەك. مەسىلەن، جامائەت سورۇنلىرىدىكى «كىرىش ئىشىكى ( 入口 )، چىقىش ئىشىكى ( 出口 )، بېلەت سېتىش ئورنى، يۈك- تاق ساقلاش ئورنى، نومۇر ئېلىش ئورنى، دورا ئېلىش ئورنى» قاتارلىقلارنى «كىرىش ، چىقىش، بېلەت سېتىش، ساقلاش، نومۇر ئېلىش، دورا ئېلىش» دەپ قىسقارتىپ ئېلىشنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ. بىزدە يەنە «ئېلىش بېشى»، «يول ئايرىش» دېگەندەك يەر ناملىرى بار. بۇلار ئەسلىي «سۇ ئېلىش بېشى»، «يول ئايرىش ئورنى» بولۇپ، ئىستېمال جەريانىدا ئاشۇنداق قىسقا ھالەتكە كەلگەن . دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمداشلارنىڭ ئىسىملىشىش قانۇنىيىتىنى ئېغىز تىلىدا ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىپ قىسقارتىشقا تېگىشلىك سۆز- ئاتالغۇلار قىسقارتىلغانىكەن، بىز بۇنى ئەدەبىي تىلدىمۇ قوللىنىشنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

[1] خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987. 251 ـ ، 252 ـ بەتلەر.

[2] ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى». قەشقەر: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1995.

[3] تۇردى ئەخمەت، نەسرۇللا يولبولدى، ئەنسەردىن مۇسا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1987.

2003 - يىل 3 - سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation ( Uighur )

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 - سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 ( General No. 146 )

# «- لىق //- لىك ،- لۇق //- لۈك» ۋە «زار» قوشۇمچىلىرىنى توغرا ئىشلىتەيلى

ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان

(ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئۈرۈمچى 830001)

تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلى چەت تىللاردىن كۆپلىگەن سۆز ۋە قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلغان. چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ سالمىقى ئەڭ كۆپ. چەت تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆز ۋە قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما بەزىلىرىدە بىرقىسىم مەسىلىلەر ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەنە شۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بىرى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن «گۈلزار»، «چىمەنزار» قاتارلىق سۆزلەردىكى «زار» سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەرگە (ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى سۆزلەرگە) قوشۇلۇپ سۆز ياسىغاندىن كېيىن، يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «- لىق // - لىك، - لۇق // - لۈك» بىلەن «ياسىلىش» مەسىلىسىدۇر.

پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە كىرگەن «زار» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاز بىر قىسىم سۆزلەرگىلا (پەقەت ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرگىلا) قوشۇلۇپ ئالمىزار، ئۆرۈمزار قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۆزلەرنى ياسىغاندىن سىرت، قالغانلىرىغا (باشقا ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى سۆزلەرگە، بولۇپمۇ قوغۇن- تاۋۇز، ئوت- ياش تۈرىدىكى سۆزلەرگە) قوشۇلۇپ تاۋۇززار، قوغۇنزار، ئاپتاپپەرەسزار، بۇغدايزار... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ياسىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، «زار» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «- لىق // - لىك ،- لۇق // - لۈك» لەر بىلەن سۆز ياساش رولى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن ئوخشاش بىر خىل ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساش رولى جەھەتتىن ئوخشاش بىر خىل قوشۇمچىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر سۆزگە كەينى- كەينىدىن قوشۇلۇپ سۆز ياساش ھادىسىسى ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس. بىراق، ھازىر پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن «زار» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۆزلەردە بۇ خىل ھادىسە كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن:

ئالما + زار + لىق = ئالمىزارلىق

دەرەخ + زار + لىق = دەرەخزارلىق

بۇنداق سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساقمۇ يول قويۇپ، مۇشۇ خىل خاتا گراماتىكىلىق قۇرۇلمىنى ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىمىزدە، ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدىمۇ سۆرەپ يۈرۈۋاتىمىز. نەتىجىدە بۇ خىل ھادىسە چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن ھالقىپ، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردىمۇ ئادەت كۈچىنى شەكىللەندۈرەي دەپ قالدى.

مېنىڭچە، تىلىمىزدا «زار» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۆزلەرگە «لىق» تىپىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىنى قوشۇپ سۆز ياسايدىغان ئادەت كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئادەت كۈچىنى دەپ، خاتالىققا يول قويۇشنىڭ ئۆزى ئاقلانىلىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئالايلى، «ئالمىزار» بىلەن «ئالمىلىق» ئالمىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر خىل مېۋىلىك دەرەخ بىلەن قاپلانغان مۇئەييەن بىر دائىرىنى، يەنى ئالما كۆپ ئۆسكەن جاينى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ، «ئالمىزار» دېسەكمۇ، «ئالمىلىق» دېسەكمۇ ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھېچكىم «ئالمىزار» بىلەن «ئالمىلىق»نى مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ دەپ ئېيتالمايدۇ. «زار» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بىلەن «لىق» ياسىغۇچى قوشۇمچىسىنىڭ ئوخشاش بىر خىل قوشۇمچىلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن «زار» بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەرگە يەنە «لىق» قوشۇمچىسىنى قوشۇۋالىمىز؟ مېنىڭچە، پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن «زار» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۆزلەرگە ئۇيغۇر تىلىدىكى «لىق» ياسىغۇچى قوشۇمچىنى قوشۇپ سۆز ياساشتەك خاتا خاھىشنى چەكلىشىمىز، خاتا ئادەتلىنىپ قالغانلىرىمىزنى تۈزىتىشىمىز زۆرۈر.

# «بازارلىق سۆزلەر» توغرىسىدا پاراڭ

**توختى باقى ئارتىشى**

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 830001)

«...... كادىرلار ئىدارىسى نەزەرنى تۆۋەنگە قارىتىش ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ...... تۆۋەنگە چۈشۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ، خىزمەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى چوقۇم قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى چوقۇم ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى چوقۇم ھەل قىلىشنى ئورۇنلىدى...»

بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن گەپلەر يېقىندىلا گېزىت يۈزىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان پارچىلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. كادىرلار ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئۇسۇللىرى ۋە شۇ ئۇسۇل بىلەن ھاسىل قىلغان نەتىجىلىرى ئوبدان بايان قىلىنغان بۇ خەۋەر كۆڭۈل قويغان ھەرقانداق ئوقۇرمەننى خۇشال قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. كەمىنە قەلەم ئىگىسىمۇ شۇ قاتاردا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ شۇنداق ئىشلىشىدىن كۆڭلۈمدە رازىمەن.

لېكىن، گېزىتتىكى شۇ خەۋەرنى ئوقۇش بىلەن بىللە كۆڭلۈمگە كەچكەن يەنە بىر تەسىرات بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا «بىر نەرسە دېيىش»كە مەجبۇر قىلىپ قالدى. شۇ گېزىت قولۇمدا يوق، پەقەت «تۆۋەنگە ئەۋەتىشنى ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ»، «تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ»، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ»، «قوبۇل قىلىش»نى، «ئەمەلىيلەشتۈرۈش»نى، «ھەل قىلىش»نى «ئورۇنلىدى» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ـ ئىبارىلەر خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ.

ئادەمدە شۇنداق بىر خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك، ئەگەر مېڭىمىزگە مەلۇم بىر خىيال كىرىپ قالسا، خۇددى «ئەلپىلەيلى (مىڭبىر كېچە)» دە ھېكايىدىن ھېكايە چىققاندەك، خىيالدىن خىيال، تەسىراتتىن تەسىرات تۇغۇلىدىكەن. جاھان تەرەققىي قىلماقتا، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى تەرەققىياتلارغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆزىمىزگە كۆز قوشۇلۇپ، ئۆزىمىز مەشرىقتە تۇرساقمۇ مەغرىبنى، يەرنىڭ يۈزىدە تۇرساقمۇ يەرنىڭ تېگىنى، دېڭىز ـ ئوكيانىنىڭ ئاستىدىكىنى كۆرۈۋاتىمىز؛ قۇلىقىمىزغا قۇلاق قوشۇلۇپ، ئۆزىمىز دۇنيانىڭ بۇ چېتىدە تۇرساقمۇ ئۇ چېتىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالايدىغان، يىراق ـ يېقىن دېمەستىن ئېنىق سۆزلىشەلەيدىغان بولۇۋاتىمىز؛ پۇتىمىزغا پۇت قوشۇلۇپ، «يەرنىڭ تانابىنى تارتىپ»، ئۇزۇن يوللارنى قىسقارتىپ، يىراق ـ يېقىنغا ئاسانلا ۋە تېز بارالايدىغان، ھەتتا سۇدا «ئۈزەلەيدۇ»غان، ئاسماندا «پەرۋاز» قىلالايدىغان بولۇۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىر دائىرىمىز بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، نەزەر دائىرىمىز زورايماقتا. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، تولا چاغلاردا دىققەت ـ نەزىرىمىز ئادەتتىكى تۇرمۇشىمىزدا كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئۆزىمىزگە ھەمراھ بولۇپ تۇرىدىغان، دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بەزى نەرسىلەرگە چۈشمەي قالىدىكەن. «ياندىكى ھېسىپنىڭ قەدرى يوق» دېگەندەك، ئادەتتە ھەمىشە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان شۇنداق ھادىسىلەر كۆزگە ئىلىنماي قالىدىكەن.

بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى بەزى ھادىسىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرىمىزدىن چەتتە قېلىۋاتقانلىقى، تىلىمىزنىڭ بۇزۇلۇش تەرىپىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرىمىزنى ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەندىشە ئاساسسىز، ئورۇنسىز ئەمەس. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ راۋانلىقى ۋە يېقىملىقلىقى بىلەن «تىل ئادىتى» بولۇپ قېلىپلىشىپ قالغان بەزى سۆز ئادەتلىرىمىز غەلىتە بىر يولغا كىرىپ، تىل ئادىتىمىز بىلەن «يات»لاشماقتا.

بۇ يەردە گەپنى پەقەت سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئادىتى جەھەتكىلا مەركەزلەشتۈرەي. بىز ئادەتتە «مۇزاكىرە قىلايلى» ياكى «مۇزاكىرىلىشەيلى»، «ئىشلەيلى»، «خىزمەت قىلايلى»، «تەربىيە بىرىش لازىم»، «ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك»، «....نى تەتقىق قىلىپ»، «....داۋالاپ»...... دېگەندەك قېلىپتا سۆزلەپ ياكى يېزىپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا ھەممىمىز ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئەنئەنىۋى تىل ئادىتى ئىدى. لېكىن، بۇ قېلىپ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان باشقىچە بىر ھالەتكە ئۆزگەرمەكتە. مانا قاراڭ: «مۇزاكىرە ئېلىپ بارايلى»، «خىزمەت ئېلىپ بارايلى»، «تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم»، «ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك»، «تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ....»، «داۋالاش ئېلىپ بېرىپ»... دېگەندەك تەقلىددىكى سۆزلەر كۆپەيمەكتە. «......

رەھبەرلەر بايرامنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان كېسەل يولداشلارغا قارىتا ھال سوراش ئېلىپ باردى»، «غەربىي قىسمىنى ئېچىشنى يولغا قويۇپ....»، «نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش .....»، «...... دورىنى قالايمىقان ئىچىۋەرسە، دورىغا خۇمار بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، « قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، «قانۇنغا بولغان تەشۋىقاتنى ئېلىپ بېرىش لازىم»، «...... دوختۇرخانىسى ئىچىدىن داۋالاش بىلەن تېشىدىن داۋالاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ ......»، « ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سۆھبەت ئېلىپ باردى»، «.... ئېلىپ باردى»، «ئېلىپ بېرىلدى»، «ئېلىپ بارايلى»....

مۇشۇ تەقلىدىدىكى سۆزلەرنى ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزگە توغرىلاپ تۈزىتىپ كۆرەيلى. «ئېلىپ بېرىش»لارنى تاشلاپ قويسام بولمايدۇ، «ئېلىپ بارمىسام بولمايدۇ» دەيدىغان قاراشلارنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ، شۇنداق گەپ - سۆزلەرنى ئۆز لايىقىدا ئۆزگەرتىدىغان بولساق، مەن ئويلايمەنكى، تىلىمىز، سۆزىمىز تېخىمۇ پاساھەتلىك، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ تۈزۈلۈشى مۇقەررەر. چۈنكى، شۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىمىزنىڭ تەلىپى ھەم ئېھتىياجى. «ئۇزۇقلۇق تەركىبى كۆپ بولغان قاتتىق دادۇرغا قارىتا يۇمشاق چايناش ئېلىپ بېرىلسا ئاسان ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دېگىنىمىز تۈزۈكمۇ ياكى «ئۇزۇقلۇق تەركىبى كۆپ بولغان قاتتىق دادۇرنى يۇمشاق چاينىغاندا (ياكى چايناپ يېگەندە) ئاسان ھەزىم بولىدۇ (ياكى: ھەزىم قىلغىلى بولىدۇ)» دېگىنىمىز تۈزۈكمۇ؟ كېيىنكىسى تۈزۈك، ئەلۋەتتە.

لېكىن، ھازىر ئەھۋال باشقىچە بولۇۋاتىدۇ. تىل ئادىتىمىزگە ياب كەلمەيدىغان «ئېلىپ بېرىش» تەقلىدىدىكى سۆز ياساش «قېلىپى» بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، «بازارنى بىرلا ئالىدۇ»غان ئەلپاز بىلەن شاپاشلاپ ماڭماقتا. كىيىم پىچىش - تىكىش ئۈچۈن بويىغا قاراپ ئەندىزە تەييارلاش — بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت. لېكىن تىلدا، بولۇپمۇ بىز توختىلىۋاتقان بۇ تىل ھادىسىسىدە ئىش ئەتۈر بولماقتا. بەزىلەر ئاۋۋال «ئەندىزە» تەييارلاپ، ئېگىز بويىغىمۇ، پاكار بويىغىمۇ، ئورۇق بويىغىمۇ، سېمىز بويىغىمۇ شۇ «ئەندىزە»نى توغرىلاپ كىيىم پىچىدىغان ، تىكىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداق «ئەندىزە»نى ئۆرنەك قىلىپ تىكىلگەن كىيىم بۇيرۇتقان ئادەمگە يارىشىۋاتامدۇ ياكى ياراشمايۋاتامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، پەقەت «ئەسلىي تېكىست شۇنداق»، «ئەسلىگە سادىق بولۇش كېرەك» دەيدىغان «قائىدە»نى دەستەك قىلىپ كەلمەكتە. ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: تەلۋىلەرچە شوئار توۋلاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە يىراق يېزىدىن شەھەرگە كېلىپ قالغان بىر دېھقان توپ - توپ ئادەملەرنىڭ ئۇ يەردىمۇ ، بۇ يەردىمۇ «ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ قەدىردان....»، «ئەڭ قىزىل، ئەڭ قىزىل، قىزىل قۇياش......» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېكەچ ئوخشايدۇ؟ ئەجەبمۇ كېكەشلەيدىكىنا؟!» دەپ ھەيران قالغانىكەن ۋە شۇ سۆزى ئۈچۈن «قىزىل قوغدىغۇچى»لاردىن دۇمبا يەپ، ئاخىرىدا «كېلىپ چىقىشى» كەمبەغەل دېھقان بولغانلىقى ئۈچۈن ئامان قالغانىكەن. ئۇ دېھقان گەپتە سۆزلەرنىڭ يەك باسمىغانلىقىغا، تىل ئادىتىگە چۈشمىگەنلىكىگە ھەيران بولغان بولسا، «قىزىل قوغدىغۇچى»لار تىل ئادىتىگە خىلاپ بولغان، ئادەملەرنى «كېكەش» قىلىپ تۇرغان سۆز «ئەندىزە» سىگە رودىپايىدەك چاپلىشىۋالغان. شۇ چاغلاردا مەن «ئىسيان» بەلگىلىك «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە «بىر ئوچۇم» ئۇنسۇرلار قاتارىدا نەزەربەند بولۇپ ئىشلەيتتىم. «ماۋجۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنى»، «قىزىل لۇشيەن» دېگەن سۆز - ئىبارىلەر قاتارىدا «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەن»، «قارا لۇشيەن» دەيدىغان سۆز - ئىبارىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايتتى. خەنزۇ تىلىدىكى «لۇشيەن» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «يول»، «سىزىق» دېگەن ۋە شۇنىڭغا تەڭداش كەلگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىدىكى ئىلمىي تەرجىمە شۇنداق. لېكىن، ئەپسۇسكى، «يول» ياكى «سىزىق» دېگەن سۆزلەر «ماۋزېدۇڭ سىياسىگى»غا ياب كەلمەيدۇ دېگەن «پەتىۋا»لار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا، «بىر ئوچۇم» بۇرژۇئا دۇمباقچىلىرى «ھەم توم، ھەم سېمىز قارا بۇرژۇئا قارا لۇشيەنى» تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەرنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىشتى. «يول»نى «توم» دەپ سۈپەتلىگىلى بولمايدۇ، راست شۇنداق. مۇشۇنداق پەتىۋا تۈپەيلىدىن «بىر ئوچۇم بۇرژۇئا دۇمباقچىلىرى ھەم توم، ھەم سېمىز بۇرژۇئا قارا يىپىگە باغلىنىپ قالدى» دەيدىغان گەپلەر پەيدا بولدى. دېمەك، بىرلا «توم» دېگەن سۆزنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، «يول» دېگەن سۆز «يىپ» قا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە كونكرېت سۆز مۇھىتىدا، تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، زورمۇزور دەۋر سۈردى. بۇ خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ماۋزېدۇڭ جۇشى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى ئادەملەر دۆلىتىمىزدە پەقەت «بىر چىمدىم»دۇر دېسە، بىزدە «بىر چىمدىم»نى «بىر ئوچۇم»غا ئايلاندۇرۇۋالغانغا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئالغاندا، 10 چىمدىم بىر قوشۇق بولىدۇ. 10 قوشۇق بىر ئوچۇم بولىدۇ؛ تېرىقنى بارماق بىلەن 100 چىمدىم ئالسىڭىز ئاندىن 1 ئوچۇم يىغقان بولىسىز. دېمەك، 1 نى 100 گە كۆپەيتىۋەتتۇق. 1 «ئەكسىيەتچى»نىڭ ئورنىغا 100 ئادەمنىڭ «ئەكسىيەتچى» بولۇپ دەرد تارتىشىغا زامىن بولدۇق دەپ ئېيتساق مۇبالىغە بولماس.

تەبىئەتنىڭ بەزى قانۇنلىرى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ. بەزىبىر ئىشلار دەسلەپ پەيدا بولغاندا كىشىگە يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، دىققەت - نەزەرگە ئېلىنماس بولۇپمۇ قالىدۇ. لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە نەزىرىڭىز چۈشۈپ قالسا، ئويلاپ قارىسىڭىز چۆچۈپمۇ كېتىسىز. بىز توختىلىۋاتقان تىل ھادىسىسى ھازىرقى كۈندە بارغانسېرى كۆپلىگەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. گېزىت، ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا، ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبەرلىرىدە، مەكتەپ دەرسخانىلىرىدا، تىياتىر سەھنىلىرىدە، ھەتتا كەسپداشلار ۋە دوستلار

ئارا ئولتۇرۇشلاردىكى «تىل - يېزىق»قا دائىر پاراڭلاردا «كېپەمىزنى ئوڭلاپ قىلايلى»، «ئانا تىلىمىزنى تېپىۋالايلى»، «تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ئاسرايلى» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى نىدالارنى، سادالارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە ئەمەس. دېھقان ۋاقتى كەلگەندە زىرائەتلىرىنىڭ هارام شاخلىرىنى پۇتاشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىتى هوسۇلنى كۆپ ئېلىش.

تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى هارام شاخلارنى پۇتاپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ. تىل تەرەققىياتىدىكى «هارام شاخ»لار سولچىللىق دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنى هىمات قىلغان يوقىلاڭ پەتىۋالارنىڭ سايىسىدا باراقسان بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ دەۋر تەكرارلانماس بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى، هازىر ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە تۇرماقتىمىز. تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ئەزەلدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەرەققىيات قانۇنىيىتى بار، خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى تىل ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن تىل ئادىتى بار. بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەر ئەنە شۇنداق قانۇنىيەت، ساۋات، ئادەتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى روشەن ئىپادىلەپ تۇرۇۋېتۇ.

گېزى كېلىپ قالغاندا شۇنى ئېيتماي تۇرالمىدىمكى، بۇ يەردە كونكرېت تىلغا ئېلىنىۋاتقان تىل هادىسىسى، ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، خەنزۇ تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان غەيرىي نورمال هادىسىدۇر. غەيرىي نورمال هادىسە بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان شۇ تەقلىددىكى كونكرېت گەپ - سۆزلەرنى ئىخچاملاپ، ئانا تىلىمىزنىڭ قانۇنىيىتىنى، ئادىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ تەهلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ «هارام شاخ» ئىكەنلىكى روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىشىدا شەك بولمىسا كېرەك. مەن تىلشۇناس ئەمەس، تىلنىڭ تەرەققىيات يوللىرى توغرىسىدا ئىلمىي نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن ئاجىزمەن. لېكىن، تىل ئادىتىنى تىل دۇنياسىنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ۋە تەبىئىي ئۇسۇلى دەپ چۈشىنىمەن. بەزىدە تىل ساهەسىدە ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، چوڭقۇر نەزەرىيىلەردىن نەقىل ۋە دەلىل ئىزدەشكە ئاجىزمەن، مۇتلەق كۆپ شارائىتتا ئەمەلىيەتتىن يول تېپىپ، ئەمەلىي تەجرىبىدىن هاسىل قىلىنغان ساۋاتقا ئاساسلىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنمەن. بىرمۇنچە ئادەملەر سۆز قىلغاندا، ماقالە يازغاندا ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن نەقىل ئېلىپ، شۇ مەشهۇر سۆز - ئىبارە ۋە نەقىللەرنى ۋاستە قىلىپ بايان قىلىشقا خۇشتار. ئەمەلىيەتتە، شۇنداق مەشهۇر سۆز - ئىبارىلەرمۇ ئەمەلىيەتتىن چىققان ساۋاتلارنىڭ شەرهىسىدۇر، شۇ ساۋاتلار بارا - بارا توپلىنىپ، بارا - بارا ئومۇمىي ئېتىراپقا ئېرىشىپ، ھەممە ئادەم ئىخلاس قىلىدىغان نوپۇزلۇق بىر هالەتكە كېلىپ قالغان. مەلۇم بىر كونكرېت گەپ - سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇ سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا چوقۇم شۇنداق تەقلىدە بايان قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىدا چوقۇم مۇنداق (بۆلەكچە) تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقىنى، «شۇنداق» بىلەن «مۇنداق» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىل ئادەتلىرىگە دائىر ساۋاتنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشىنىپ كېتىش تامامەن مۇمكىن.

ساۋاتلىق بولۇش ئۈچۈن، شۇغۇللىنىۋاتقان مەشغۇلاتنىڭ، كونكرېت ئېيتقاندا، تەرجىمىڭىزنىڭ ئەمەلدە خەتمۇخەت، هەرپمۇهەرپ باراۋەر چىقىشىغا ئەمەس، نېمە ۋە قانداق مەنىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىغا قاراش ۋە مەنىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

تىل ساۋاتى مول بىر بۇرادىرىمنىڭ تىل - يېزىق توغرىسىدا گەپ ئارىلاپ قالغان بىر سۆهبەتتە مۇنداق بىر ئەهۋالنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر كۈنى ماگىزىندا سۇلياۋ خالتىنىڭ ئۇستىگە چىرايلىق خۇشخەت بىلەن يېزىلغان، ئالتۇندەك ۋاللىداپ تۇرىدىغان «ئۆزۈم قۇرۇقى» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىپتۇ. يەنە بىر كىتابتا يېڭى توي بولغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش - بولماسلىق توغرىسىدا مەسلىهەتلىشىپ، «هازىر بالا ئالماسلىق بىر خىل يېڭى مودىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ» دېگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. يەنە «قىزلار ئوغۇللار بىزنى قوغلىسىكەن دەيدۇ، ئەرلەرمۇ تەبىئىتىدىنلا قوغلاشقا ماهىر» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپتۇ. بىزنىڭچە، ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلىدا «ئۈزۈم قۇرۇقى» دەيدىغان مېۋە نامى بولمىسا كېرەك. ئەر - خوتۇن پەرزەنت كۆرۈش - كۆرمەسلىك توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، «بالا ئالمايمىز» دېمەس، چۈنكى بالا بازاردىن سېتىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس. بويىغا يېتىپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ناز بىلەن سۆزلەشمۇ «ئوغۇللار قوغلىسىكەن... ئەرلەرمۇ تەبىئىتىدىن قوغلاشقا ماهىر...» دېگەندەك غەلىتە، چالا ئۇيغۇرچە سۆزلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇرادىرىم «بۇ تەرجىمان ئانا تىلىدىن ساۋاتسىز ئىكەن، چالا موللا ئىشنى بۇزۇپتۇ» ، «تەرجىمىدە تىل ئادىتىگە رىئايە قىلىش — بۇ تولىمۇ مۇهىم ساۋات» دەيدۇ. ئېغىزدا شۇنداق دېمەك ئاسان، ئەمەلدە شۇنداق قىلىش تەس، چۈنكى تەرجىمىنى ساپ ئانا تىل ئادىتى قېلىپىغا چۈشۈرۈپ دەڭسەپ كۆرۈش تەرجىماندىكى كەسپىي ئەخلاق. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىشتىن قاچماسلىق كېرەك. هەرپىنى هەرپىكە توغرىلاپ شەكلەن تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزىدىن ئىشنىڭ قولنىڭ ئۇچىدا ئىشلەنگەنلىكى، ئانا تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ساپلىقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش بۇ ياقتا قېلىپ، پەقەت «بازار»نىلا نىشان قىلغانلىقى روشەن مەلۇم بولۇپ قالىدۇ.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى تەكرارلىغۇم كەلدى:

«قاتتىق دادۇرغا قارىتا يۇمشاق چايناش ئېلىپ بېرىلسا، ئاسان هەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ» دېگەندەك تەقلىددە سۆز قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىشتىن هەزەر ئەيلەيلى.

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷 ( 总第 146 期 )
Volume 22 ( General No. 146 )

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译 ( 维吾尔文 )
Language and Translation ( Uighur )

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

# ئېغىز تەرجىمىسى توغرىسىدا

مۇھەممەد تۇردى

(بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى،كورلا 841000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى، ئالاھىدىلىكى ئىخچام مۇلاھىزە قىلىنىش بىلەن بىرگە ئېغىز تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە ئېغىز تەرجىمىسىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتلەر قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئېغىز تەرجىمىسى؛ تەرجىمان؛ تەرجىمە پرىنسىپى.

تەرجىمە بىر خىل تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى ئىككىنچى بىر خىل تىلدا توغرا ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىلمىي ئەمگەك. تەرجىمىنىڭ ئوبيېكتى — ئەسلىي ئەسەر (ياكى نۇتۇق). تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى — باشقا مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆز مىللىتى خەلقىگە ياكى ئۆز مىللىتى خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى باشقا مىللەت خەلقىگە يەتكۈزۈش، يەنى، ئۆز تىلى بىلەن ئۆزگە تىل ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇش. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەيلى يېزىق تەرجىمىسى ياكى ئېغىز تەرجىمىسى بولسۇن، ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ تەرجىمە پرىنسىپى. بىراق، نۆۋەتتىكى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن ئېيتقاندا، كىشلەرنىڭ يېزىق تەرجىمىسى بىلەن ئېغىز تەرجىمىسىگە بولغان كۆزقارىشى ئوخشاشمايدۇ، بەزىلەر «يېزىق تەرجىمىسىگە مۇنتىزىم تەرجىمە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلسا، ئېغىز تەرجىمىسىگە ئانچە قاتتىق تەلەپ قويمىسىمۇ بولىدۇ، تەرجىمىسى كۆپرەك بولۇپ كەتسىمۇ، ئازراق بولۇپ قالسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق ياكى ئاساسىي مەزمۇنى تەرجىمە قىلىنسىلا، باشقىلار ئۇقالىسىلا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، گەپ تەرجىمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە. تەرجىمە بولۇۋاتقان سورۇن چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشاش. ئېغىز تەرجىمىسىمۇ يېزىق تەرجىمىسىگە ئوخشاشلا ئىلمىي ھەم ئىجادىي ئەمگەك، شۇنداقلا سەنئەت. شۇڭا، ئېغىز تەرجىمىسىدە تەرجىمە پرىنسىپى ۋە قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش — تەرجىمىدە تۈپ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىراق، زامان، ماكان، شەكىل ياكى ئۇسۇل جەھەتتىكى مەلۇم ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلىدىن، يېزىق تەرجىمىسى بىلەن ئېغىز تەرجىمىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقلەرمۇ ساقلىنىدۇ، بۇ ئەمەلىيەت. چۈنكى، يېزىق تەرجىمىسىنىڭ تەييارلىق ۋاقتى كۆپ، تەتقىق قىلىش، ئويلىنىش ئىمكانىيەتلىرى تولۇق بولۇپ، تەرجىمە داۋامىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغىلى، لۇغەت قاتارلىق قورال كىتابلاردىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، دەرھال تەرجىمە قىلىش ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، يېزىق تەرجىمىسىگە قويۇلىدىغان بەزى تەلەپلەرنى ئېغىز تەرجىمىسىگە قويغىلى بولمايدۇ، ھەتتا بەزى ھاللاردا قىلچە تەييارلىقسىزلا تەرجىمىگە چىقىپ قېلىشىڭىز، چۈشىنىشىڭىزگىمۇ كىرمىگەن تىل ئېلېمېنتلىرىغا يولۇقۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، بۇنداق چاغلاردا تەرجىمان ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. چۈنكى نەق مەيداندا مەسلىھەتلىشىش ياكى لۇغەت ئاختۇرۇش پۇرسىتى يوق - تە ! ئالايلۇق، ئۆتكەندە بىرەيلەن يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىغا تەرجىمان بولۇپ بارغان. يېزىدا ئېچىلغان ئەھۋال تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا، بىر كەنت مۇدىرى رەھبەرلەرگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، «توقاي» توغرىسىدا بىر توقاي سۆزلىگەن. دەسلەپتە، «توقاي» سۆزى بۇ تەرجىمانغا ئانچە يات ئاڭلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىپادىلەۋاتقان مەنە سەل يات تۇيۇلغان، شۇنداقتىمۇ تەرجىمان «توقاي» دېگەن بۇ ئىبارىنى تازا باب كەلمىسىمۇ خەنزۇچىغا «ئەگىم، دوناي» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىۋەرگەن. بىراق، نۇتۇق داۋاملاشقانسېرى، ئۇ ئىبارە تەرجىمە ئېھتىياجىدىن چىقالماي قالغان. كېيىن ئۇ ئۇققۇدەك بولسا، «توقاي» سۆزى «يايلاق، ئوتلاق، چاتقاللىق» سۆزىنىڭ يەرلىك تىلدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە «يايلاق» سۆزىنى ئىشلەتمەيدىكەن. دېمەك، بۇ يەردە تەرجىمان «توقاي» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكى، يەنە كېلىپ تەرجىمە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئەتراپتىكىلەردىن سوراش پۇرسىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىش داۋامىدا قىينالغان. ئېغىز تەرجىمىسى داۋامىدا ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى سە-

ۋەبلىك بۇنداق ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە، ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ مەقسىتى — تەرجىمە پرىنسىپى ۋە قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئەڭ يۇقىرى تەرجىمە ئۈنۈمى يارىتىش. بۇ تەرجىمە سۈپىتى، تىل ماھارىتى، نۇتۇق سەنئىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ سۆزىنى تولۇق تەرجىمە قىلىش بىلەنلا تەرجىمىدە ياخشى ئۈنۈم ياراتقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدا يەنە كونكرېت تىل مۇھىتىغا خاس جانلىق ئىپادىلەش ماھارىتى بولۇشى كېرەك. سۆزلىگۈچىنىڭ قىزغىن سۆزىنى تەرجىمان سوغۇق پوزىتسىيىدە يەتكۈزسە ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ تىلدىكى سوغۇق مۇئامىلىسىنى قىزغىن مۇئامىلىگە ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلسا، بەزى ھاللاردا تەرجىمە ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ (بۇ كونكرېت تىل شارائىتىغا باغلىق، ئەلۋەتتە). نۇتۇق ئۇسلۇبىنى قانداق ساقلاش، ئۇنىڭغا خاس تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا تەرجىمانغا باغلىق. شۇڭا، ئېغىز تەرجىمانىدا يېزىق تەرجىمانىغا خاس ئالاھىدىلىكلەر بولغاندىن سىرت، يەنە ئىنكاسى تېز، تىلى راۋان، دادىل بولۇش قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرمۇ بولۇشى كېرەك.

تەرجىمە ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، يېزىق تەرجىمىسى بىلەن ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ ئەھمىيەت بېرىش نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ. يېزىق تەرجىمىسىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان «توغرا، راۋان، گۈزەل» بولۇش پرىنسىپىغا ھەر خىل دەرىجىدە ئەمەل قىلىنىپ كەلدى. ئېغىز تەرجىمىسىدە بولسا كۆپىنچە ھاللاردا «توغرا» ۋە «راۋان» بولۇش تەلەپ قىلىنىدى، يەنى «توغرا» ۋە «چۈشىنىشلىك» بولۇش ئاساسىي پرىنسىپ قىلىنىدى. بۇنداق بولۇشى ئېغىز تەرجىمىسىدە كۆرۈش ئەمەس، بەلكى ئاڭلاشنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەرجىمان مەنىنى خاتا چۈشىنىپ قالسا ياكى سۆز مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، باشقىلارغا ھەقىقىي چۈشەندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېغىز تەرجىمىسى ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ۋاقىتنى چوقۇم چىڭ ئىگىلەش كېرەك. ئەزمە تەرجىمانىنىڭ تەرجىمە ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشى ناتايىن. چۈنكى، يېزىق تەرجىمانى كۆپرەك سۆز بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىغا ئاساسلىنىپ ئەسلىي تېكىستنى تەھلىل قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئېغىز تەرجىمانى پەقەت تېكىستنى باشتىن - ئاخىر چۈشىنىپ، ئاندىن مەنىسىنى قايتا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلما، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ئادىتى جەھەتتىكى پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، ئېغىز تەرجىمىسى قىلغاندا ھەم ئەسلىي مەنىسىگە سادىق بولۇش ھەم تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش شەكلىگە ئۇيغۇن بولۇش مەسىلىسى تەرجىماندىن ھەقىقەتەنمۇ خېلىلا يۇقىرى ماھارەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئېغىز تەرجىمانلىقىنى ئۈستىگە ئالماقچى بولغان تەرجىماننىڭ ئومۇمىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلغاندىن باشقا، ئېغىز تەرجىمىسىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ پىششىق ئىگىلىشى لازىم. چۈنكى، ئېغىز تەرجىمىسى بىلەن يېزىق تەرجىمىسى، گەرچە بىر ئىش تۈرىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ئىككىلىسى ئىدىيە ياكى ئۇقۇمنى بىر خىل تىلدىن باشقا بىر خىل تىلغا «ئۆرۈپ» بېرىدۇ، لېكىن يېزىق تەرجىمىسىدە قەلەم، ئېغىز تەرجىمىسىدە ئېغىز ئىشقا سېلىنىدىغان بولغاچقا، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇنىڭغا نەزەرىيە، ماھارەت ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن قويۇلىدىغان تەلەپلەرمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، پىشقان بىر يېزىق تەرجىمانىنىڭ ئېغىز تەرجىمانلىقىنى بىر مەھەل دادىل ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئېغىز تەرجىمانلىقىدا خېلىلا پىشقان تەرجىمانمۇ گاھىدا ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلالماي قىينىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئېغىز تەرجىمىسى بىلەن يېزىق تەرجىمىسىنى يۈزەكى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسلىق پەرقى مۇنۇلاردا كۆرۈلىدۇ: يېزىق تەرجىمىسىدە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، سۆزلىرى ئىخچام، جۈملىلىرى پىششىق ئويلىنىلغان بولىدۇ. يېزىق تىلى يېزىق شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان بولغاچقا، تەرجىمانغا ئۇنى تەكرار كۆرۈپ چىقىش، مەزمۇنىدىن تارتىپ خەتكىچە ئىنچىكە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش، ئويلىنىش ئۈچۈن تولۇق ۋاقىت بېرىلگەن بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن، ھەتتا باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلالايدۇ، بىر قېتىم تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە نەچچە قېتىم تۈزىتىپ، «توغرا، راۋان، گۈزەل» بولۇشتەك يۈكسەك مەنزىلگە يەتكۈزسە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئېغىز تەرجىمىسى ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشاشمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا يېزىق تەرجىمىسىگە خاس بولغان تەكرار كۆرۈپ چىقىش، ئويلىنىش ۋە قورال كىتابلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق شەرتلەر ھازىرلانمىغان بولىدۇ. ئېغىز تەرجىمانىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى قەغەز يۈزىدە مۇقىملاشتۇرۇلغان يېزىق ئەمەس، بەلكى شەكىلسىز ئاغزاكى تىل. ئاغزاكى تىل كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تەرجىماننىڭ قۇلىقى ئارقىلىق مېڭىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ، ھەمدە تەرجىماندىن ھېچقانداق تاشقى ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنى بىر قېتىمدىلا ئاڭلاپ بىلىۋېلىشنى ھەمدە قوبۇل قىلغان مەزمۇنلارنى نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە پىششىقلاپ، راۋان تىل، توغرا مەنە ۋە مۇناسىپ ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق سادىقلىق بىلەن يەنە بىر تىلغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئويلىنىشقا بېرىلىدىغان ۋاقىت بەك ئاز بولغاچقا، تەرجىماننىڭ تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ئىنكاسى تېز، بەرقارار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئېغىز تەرجىمىسى ھەرگىزمۇ نۇقۇل قايتا بايان قىلىپ بېرىش خىزمىتى ئەمەس، ئاددىي ئۇسۇلدىكى سۆز - ئىبارە ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ ئەمەس. تەرجىمان جەزمەن جىددىي

مېگە ئەمگىكى ۋە مۇرەككەپ تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق، ھەم تەرجىمە قىلماقچى بولغان سۆزنى ئېنىق ئاڭلاپ، ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنى تەرجىمە تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. ئېغىز تەرجىمىسىنىڭمۇ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش، ئىچكى قانۇنىيىتى بار. پۈتكۈل تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئۇنى «ئاڭلاش — چۈشىنىش — ئىپادىلەش» دېگەن ئۈچ باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. ئېغىز تەرجىمانى تەرجىمە خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەش ئۈچۈن، مۇشۇ ئاساسىي لىنىيىنى چۆرىدىگەن ئاساستا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

1. تەرجىمان سۆزگە باي بولۇشى شەرت. تەرجىمان ئۆز تىلىنى پىششىق بىلىشى، لېكسىكا، گىراماتىكا قائىدىسى ۋە لوگىكا ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزگە تىلنىمۇ پىششىق بىلىشى، يەنى، تەرجىمە قىلىدىغان تىل بىلەن تەرجىمە قىلىنىدىغان تىل ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەر، سۆزلەرنىڭ كونتېكىستتىكى مەنىسى، جۈملىدىكى رولى، مۇناسىۋەتلىرى، تىل مۇھىتى ۋە ئادىتى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، ئۆلچەملىك تىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەرلىك شېۋىلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

2. تەرجىماننىڭ بىلىمى مول بولۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت - بەلگىلىمىلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، پەن - تېخنىكا، قانۇن، بازار ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىمۇ مۇئەييەن بىلىمى بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى بىلىمى قانچە كۆپ، قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە ياخشى. چۈنكى، تەرجىمىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تەرجىمان سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى قايسى نۇقتىدىن باشلاپ، قايسى نۇقتىدا ئاياغلاشتۇرىدىغانلىقىنى، نېمىلەر ئۈستىدە توختىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ. ... ئىشقىلىپ، تەرجىماننىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى قانچە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولسا، تەرجىمىدە قىيىن ئۆتكەلدىن شۇنچە ئوڭاي ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

3. تەرجىماننىڭ چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش ئېغىز تەرجىمىسى بىلەن يېزىق تەرجىمىسى ئۈچۈن ئورتاق. ئوخشىمايدىغان يېرى: يېزىق تەرجىمىسىدە ئالدىن چۈشىنىپ، ئاندىن تەرجىمىگە تۇتۇش قىلىنىدۇ. ئېغىز تەرجىمىسىدە بەزىدە تەرجىمە ماتېرىيالى ئالدىن تەييارلانغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ھاللاردا چۈشىنىپ بولۇپ، ئاندىن تەرجىمە قىلىشقا ۋاقىت بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، ئاڭلىغاننى چۈشىنىپ، بىر تەرەپتىن كاللىدا ئۇنى قۇراشتۇرۇپ ئىپادىلەشكە ھازىرلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېغىز تەرجىمىسىدە تەرجىمانلاردىن خاتىرىسىنىڭ كۈچلۈك، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. تەرجىماننىڭ نۇتۇق ئىقتىدارى ياخشى، تەلەپپۇزى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئېغىز تەرجىمىسىدە نۇتۇق سەۋىيىسىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئېغىز تەرجىمىسىنىڭ سۈپىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. خاتىرىسى كۈچلۈك تەرجىماننىڭ نۇتقىمۇ ياخشى بولسا، بۇ خۇددى كىمخاپ ئۈستىگە گۈل چەككەندەك بولىدۇ - دە، تەرجىمىنىڭ سۈپىتى ئاشىدۇ، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ خاتىرىسى كۈچلۈك بولغان بىلەن نۇتقى ياخشى بولمىسا، تەرجىمە ئوبدان چىقمايدۇ، ئاڭلىغۇچىلار كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم ئالالمايدۇ. شۇڭا، نۇتۇق ئېغىز تەرجىمانلىقى ئۈچۈن مۇھىم شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېغىز تەرجىمانى تىل بايلىقىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئۆزىنى ئېغىز تەرجىمىسىدە چېنىقتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

5. تەرجىماننىڭ ئاڭلاش، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ياخشى بولۇشى كېرەك. سۆزلىگۈچىلەر ئوخشاش بولمىغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، ئاڭلاش قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى بولغاندىلا، ئاندىن سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭقىرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ياخشى بولسا، ئاڭلىغان سۆزلەرنى ياخشى ئەستە قالدۇرۇپ، ئۇنى سۆزلىگۈچى قىلغان ئەسلىي سۆزنىڭ قاتلىمى بويىچە تەرتىپلىك تەرجىمە قىلىپ بېرەلەيدۇ.

6. تەرجىمان قاتتىق مەشىق قىلىشى كېرەك. ئېغىزچە تەرجىمە قىلىش قابىلىيىتى ئۇزاق مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ، ئۆزگە تىلغا ئۇستا بولسىلا قابىلىيەتلىك تەرجىمان ، بولۇپمۇ ئېغىز تەرجىمانى بولغىلى بولمايدۇ. قابىلىيەتلىك تەرجىمان بولۇش ئۈچۈن جاپالىق چېنىقىش كېرەك. بولۇپمۇ، ئاڭلاش ۋە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش، سۆزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۇدۇللۇق خاتىرىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇشقا پايدىسى بار، شۇنداقلا ئۇ خاتالىشىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك چارىسى.

7. تەرجىمان سوغۇققان، تەمكىن بولۇشى كېرەك. ئېغىز تەرجىمانلىقى بىلەن تۈنجى شۇغۇللانغانلارنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى ھودۇقۇش. ئۇلار سورۇندا بىرەر گېپى خاتا كېتىپ قالسىلا ھودۇقۇپ كېتىدۇ - دە، ھودۇققانسېرى تەرجىمە قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئېغىز تەرجىمانى ئۆزىدە سوغۇققان، تەمكىن پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. خاتا تەرجىمە قىلىپ قويغان بولسا تەمكىنلىك بىلەن تۈزىتىشى، ھودۇقۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

قىسقىسى، ئېغىز تەرجىمىسىدە تەرجىماننىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تىلى راۋان، بىلىمى مول، تەجرىبىسى كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە تەرجىمان تەرجىمىنى چۈشىنىدىغان، تەرجىمىگە ئىشتىياق باغلىغان بولسىلا، ئېغىز تەرجىمىسىدە بەرىكەت تېپىپ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلەيدۇ.

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 (General No. 146)

# بەزى ئانئورگانىك ماددىلارنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

راھىلە يۈسۈپ

(شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە بىر قىسىم ئانئورگانىك ماددىلارنىڭ ھازىرقى ئاتىلىشى ۋە قەدىمكى نامى قىسقىچە سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇ ماددىلارنىڭ نامىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە خىمىيىلىك تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قانداق ئالسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خىمىيىۋى ماددا؛ ئاتالغۇ؛ تۈركىي تىللار؛ ئاتاش.

بەزى خىمىيىۋى ماددىلار ئوتتۇرا مەكتەپ خىمىيە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قەدىمكى نامىدىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك. بەزى ماددىلارنىڭ ئاتىلىشى تۈركىي تىللاردا ئەسلىدىنلا بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ، پارس ياكى ئەرەب تىلىدا ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ھەسەل» ئەسلىدە ئەرەب تىلى بولۇپ، «ئەسەل» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئەينەك» دېگەن سۆزنى تۈركىي تىللاردىكى «ئائىنە»، «ئائىنەن» دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بەزى ماددىلارنىڭ ناملىرى تۈركىي تىللاردا شۇنچە ئېنىق ئاتالغان تۇرۇقلۇق، بەزى تەرجىمانلىرىمىز ئەرەب تىلىدا ياكى پارس تىلىدا ئاتاپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋاللار تېبابىتىمىزدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. تېبابەت دورىلىرىنى شۇ دورىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۆسۈملۈك ياكى مەدەننىڭ ئۇنۇملۇك تەركىبى ياكى شۇ خىل ئۆسۈملۈك ياكى مەدەن نامىنى ئاساس قىلىپ ئاتىغىلى بولماسمۇ؟ بۇ توغرىدا تەتقىقات يوق دېيەرلىك بولماقتا.

مەن بۇ ماقالەمدە ماددىلارنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم بولغان تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قانداق ئاتىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. مەن بۇ ماقالىدە قەدىمكى ئانئورگانىك ماددىلارنىڭ ياكى مەدەنلەرنىڭ نامىنى ئاتاشتا ئىمكان بار ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىشقا تىرىشقان بولساممۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ كەم، سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن بەزى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ھەقتە تەتقىق قىلىشنى خالايدىغانلارنىڭ بۇ ئاتالغۇلارنى قايتىدىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1. 硇砂 . خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئاتالغۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا بايقالغان بىر خىل مەدەن «نۆشۈدۈر» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ خىل مەدەن ئەينى ۋاقىتتا پارس تىلىدا nushadur دەپ ئاتالغان. كۇچا ۋە ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدىن كۆپ چىققاچقا، ئۇنى تارىخىي ماتېرىياللارغا «بېشبالىق نۆشۈدۈرى» ( 北庭硇砂 ) دەپ خاتىرىلىگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ خىل مەدەننىڭ خىمىيىۋى تەركىبى ئاساسلىقى «ئاممونىي خلورىد» ($NH_4Cl$) ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، بۇ ماددىغا نىسبەتەن چۈشەنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنى كىشىلىرىمىز «سۇرگۇ» دەپ ئاتىدى. ئەمما، سۇرگۇ دورىسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولغانلىقى ھەمدە بۇ خىل مەدەننىڭ ساختىسى بولغانلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەر ئۇنى «نۆشۈدۈر» دەپ ئاتاشنى لايىق تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ناۋسا» دېگەن بۇ سۆز «نۆشۈدۈر» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئەسلىي مەنىسىنى ساقلاپلا قالماي بەلكى

كىشىلەر قەلبىدىن ئاسانلا ئورۇن ئالىدۇ.

2. 孔雀绿، 孔雀石 · بۇ بىر خىل رودىنىڭ نامى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل رودىنى سوقۇپ بوياق ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. دەرسلىك ماتېرىياللىرىمىزدا بۇ خىل رودا نامى «مالاخىت تېشى»، «مالاخىت يېشىلى» دەپ ئىنگلىز تىلى بويىچە ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنىپ كەلمەكتە. مېنىڭچە، بۇ رودىنىڭ رەڭگى ۋە خەنزۇچە نامىغا ئاساسەن «توز تېشى»، «توز يېشىلى» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل رودىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى خۇددى توزنىڭ قانىتىنى يايغان شەكلىگە ئوخشايدۇ. هازىر مەلۇم بولغان خىمىيىلىك تەركىبى بويىچە ئاتىغاندا، «مىس ئاساسلىق كاربونات» $[Cu(OH)_2. CuCO_3]$ دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇ بىر خىل رودا بولغاچقا يەنىلا «توز تېشى» دەپ تەرجىمە قىلغان ياخشى.

3. 石胆، 胆矾، 胆水 دېگەن ئاتالغۇلار ئەسلىدىلا ئۆت تېشى — كۆكتاشنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇن بايقىغان تاش بويىقىنىڭ نامىدۇر. قەدىمكى رەڭچى ئۇستىلار بۇ خىل مەدەننى رەڭ ياساشنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلىپ ئىشلەتكەن. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە بۇ خىل مەدەن ئەجدادلىرىمىز تېرە ئاشلاش، تېرىنى تۈكسىزلەش (كۆنچىلىك) ئىشلىرىدىمۇ ئىشلەتكەن ئىكەن. هازىر مەلۇم بولغان ئاساسلىق خىمىيىۋى تەركىبى «مىس سۇلفات» $(CuSO_4. 5H_2O)$ قا ئاساسلانغاندىمۇ ئۇنىڭدا يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بولۇشى دەرھەق. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل رودىنى «كۆكتاش» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

4. 信石، 砒粉، 砒石، 砒霜 دېگەنگە ئوخشاش بۇ ئاتالغۇلار ئەسلىدىلا بىر خىل ماددا — ئارسېنىن بىرىكمىسى (ئاق رەڭلىك) «مەرگىمۇش» [سەنگىھەيا.(شۇك)] نىڭ ئۆزگىچە ناملىرىدىن ئىبارەت. بەزى كىشىلەر بۇ ئاتالغۇنى «ئوغا» (زەھەر) دەپ ئالسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئوغىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ خىل ئاتالغۇلارنىڭ بارلىقى «مەرگىمۇش» ياكى «سەنگىھىيا» دەپ تەرجىمە قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

5. 黄砷، 雌黄 · بۇ ئارسېنىنىڭ سېرىق رەڭلىك رودىسىنىڭ ناملىرى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى بىرلا خىل ماددا — «سېرىق مىشاك» ياكى «چىشى مىشاك»، «سېرىق مەرگىمۇش»، «چىشى مەرگىمۇش» ۋە ياكى «چىشى زەرنىخ» دېگەن ئۆزگىچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ خىل ئاتالغۇلار ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن دەپ قارالسىمۇ، لېكىن شۇ خىل ماددىلارنىڭ نامىنى بىزگە يەتكۈزۈپ، روشەنلەشتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ خىل رودا كۈچا تاغلىرىدىن كۆپرەك چىققاچقا «كۈچا زەرنىخى» دەپمۇ ئاتالغان. قەغەزچى ئۇستىلار بۇ خىل رودىنى ئېرىتىپ ئېرىتمىسىنى قەغەز بوتقىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قەغەزنى قۇرت يەپ كېتىشتىن ساقلىغۇچى قىلىپمۇ ئىشلەتكەن. يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزگە ئاساسەن بۇ خىل ئاتالغۇنى «سېرىق مەرگىمۇش» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارايمەن.

6. 三仙丹، 仙丹 . بۇ ئاتالغۇلار ئەسلىدە قىزىل رەڭلىك بىر خىل كۈمىلاچ دورىنىڭ نامى بولۇپ، دورا تاۋلىغۇچىلار تاۋلاپ چىققان «ئابىھايات كۈمىلىچى»دىن ئىبارەت. بۇ خىل كۈمىلاچ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئۇنىڭ تەركىبىدە سىماب ئوكسىد بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا يۇقىرىدىكى ئىككى ئاتالغۇنى «ئابىھايات كۈمىلىچى» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

7. 升汞، 轻粉، 水银粉 ، بۇ ئاتالغۇلار ئەسلىدە سىماب (I) خلورىدنىڭ ئۆزگىچە نامى بولۇپ، بۇنى تۈركىي تىللاردا هازىرمۇ «ئالماس» دەپ ئاتايدۇ. خىمىيە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا ئۇنى «سىماب (II) - ئوكسىد» دەپ ئېلىۋاتىدۇ. خىمىيىۋى تەركىبىگە ئاساسەن ئۇنى «سىماب (I) خلورىد» (كالومىل) دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

8. 镪水، 烈性液، 强水 . بۇ ئاتالغۇلار ئەسلىدە سۇلفات كىسلاتاسىغا ئوخشاش كۆيدۈرۈش ئىقتىدارى بولغان كۈچلۈك كىسلاتانىڭ نامىنى بىلدۈرەتتى. ئەجدادلىرىمىز 8 - ، 9 - ئەسىرلەردە گۈڭگۈرت رودىسى بىلەن بەزى تۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ، تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار رودىنى ئېرىتىدىغان بۇ خىل ماددىنى «گۈگۈت سۈيى» (كېسەل ئاتا) دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «كېسەل ئاتا» دەل ئاچچىق، ئېرىتىش رولى بولغان سۇيۇقلۇققا قارىتىلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە ئەجدادلىرىمىز ئالتۇن رودىلىرىنى ئېرىتىش ئۈچۈن 800 يىلدەك تىرىشقان بولسىمۇ، ئېرىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. نەتىجىدە ئالتۇن رودىسىنى ئېرىتىدىغان بۇ خىل سۇيۇقلۇقنى «زەر سۈيى» دەپ ئاتىغان. بۇگۈنكى بۇنداق كۈچلۈك

ئېرىتىش رولى بولغان سۇيۇقلۇقنى خەنزۇ تىلىدا 王水 «پادىشاھ ھارىقى» دەپ تەرجىمە قىلدى. «پادىشاھ ھارىقى»نىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ($3HCl + HNO_3$) بولۇپ، بۇنى يېقىندىن بېرى بەزى كىتابلىرىمىزدا «زەر سۈيى»، بەزى كىتابلىرىمىزدا «پادىشاھ ھارىقى» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە يەنىلا «پادىشاھ ھارىقى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشقا بولىدۇ.

9. 胡粉(غۇزئۇپىسى)، 铅粉، 黑龙 . بۇ خىل ئاتالغۇلار قوغۇشۇن رودىسىنىڭ ئۆزگىچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئاق رەڭلىك رودا. ئەينى ۋاقىتتا «قوغۇشۇن بوياق»، «غۇز ئۇپىسى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. يېقىندىن بۇيانقى بۇ خىل رودا ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسى بۇ خىل رودىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنىڭ «قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات» ($Pb(OH)_2 . PbCO_3$) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل رودىنىڭ نامىنى «ئاق رەڭلىك قوغۇشۇن بوياق» ياكى «ئاق رەڭلىك قوغۇشۇن ئۇپا» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىمىيە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا 赤狮، 黄丹، 铅丹 دېگەنگە ئوخشاش قوغۇشۇننىڭ بىر خىل بىرىكمىسىنىڭ نامى ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل نام بىلەن ئاتالغان رودا قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بىر خىل تاش بوياق بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «قوغۇشۇن سۇرۇخ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل مەدەننى يانجىپ مۆھۈر بېسىش ئىشلىرىدا سۇرۇخ قىلىپ ئىشلەتكەن. شۇڭا، يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل نامنى چوقۇم «قوغۇشۇن سۇرۇخ» ياكى «قىزىل رەڭلىك قوغۇشۇن ئۇپا» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

10. 丹砂، 朱砂، 辰砂، 紫砂 دىن ئىبارەت بۇ خىل ناملار ئەسلىدە سىمابنىڭ سۇلفىدلىق بىرىكمىسىنىڭ ئۆزگىچە ئاتىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ بىر خىل قىزىل رەڭلىك تەبىئىي بوياق، ئۇنىڭ مەلۇم بولغان ئاساسلىق خىمىيىۋى تەركىبى «سىماب سۇلفىد» ($HgS$) بولۇپ، بۇ ماددا خىمىيە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا «كىنوۋار (朱砂)»، «گېل (丹砂)» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەسلىدىلا بىر خىل رەڭلىك رودا — تاش لاك (سىر) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل ماددا نامىنى ئاتىغاندا «بىنەپشە تاش» ياكى «تاش لاك» دەپ تەرجىمە قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر «كىنوۋار» دەپ تەرجىمە قىلغاندا چوقۇم رودىنىڭ رەڭگى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

مەسىلەن: «كىنوۋار (قىزىل رەڭلىك تاش بوياق)» دەپ ئېلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

11. 哲人石 . بۇ ئەسلىدە بىر خىل رەڭلىك رودىنىڭ نامىنى بىلدۈرەتتى. مەدەنچىلىك ئىلمىدا بۇ خىل رودىنى تاپقان كىشى «ئەۋلىيا» ھېسابلىنىپ، ئۇ خىل تاش «ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار تېشى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ خىل رودىنى تېپىۋالغۇچىلارنى «مۆنەججىم (哲人)» دەپ ئاتاپ كەلگەن. خىمىيىۋى تەركىبى مۇرەككەپ، ھەممىگە قادىر رەڭلىك بولغان بۇ خىل تاش ئەينى ۋاقىتتا 哲人石 دەپ ئاتىلىپ كەلگەچكە تەرجىمىسىنىمۇ «مۆنەججىملەر تېشى» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

12. 阿森، 琥珀金 . بۇ ئەسلىدە كەم تېپىلىدىغان گۆھەرنىڭ ئۆزگىچە ئاتىلىشىدۇر. بۇ ئاتالغۇلاردىكى 阿森 پارس، ئەرەب تىللىرىدا «ئاسىم» (asem) دەپ، 琥珀金 «كەھرىۋا ئالتۇن» ياكى «كەھرىۋا» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى ئاتالغۇنى بىردەك قاراپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلسە ئۇ ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ «گۆھەر» ياكى ئۆز ناملىرى بويىچە تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

13. 神水 . بۇ ئاتالغۇ پارس، ئەرەب تىللىرىدا ئەلىشىر «elixir» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەگەر تەرجىمە قىلىش توغرا كەلسە «زەمزەم سۈيى» (ياكى ئابىھايات سۈيى) دەپ تەرجىمە قىلىنسا مۇۋاپىق.

14. 绿狮 (سۇرقاپلان)، 密陀僧 . بۇ ئاق رەڭلىك تاش بوياقنىڭ ئۆزگىچە ناملىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇم بولغان ئاساسلىق خىمىيىلىك تەركىبى «قوغۇشۇن ئوكسىد» ($PbO$) دىن ئىبارەت. بۇ خىل ماددىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پارس، ئەرەب تىللىرى بويىچە «مەدەستان» دەپ ئاتاپ كەلگەچكە، ھېلىھەم «مەدەستان» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك.

15. 输石، 白铜، 中国霜، 中国石 دىن ئىبارەت بۇ خىل ئاتالغۇلار مىس قېتىشمىسىنىڭ ئۆزگىچە ناملىرى بولۇپ، قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر بۇنى «راسكتون» (Racktong) دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسا، لاتىن تىلىدا «ئالېكسېر» (alekser) دەپ ئاتاپ كەلگەن. تۈركىي تىللاردا بولسا «تۇچ»، پارس تىلىدا «جەز»، رۇس تىلىدا «برونزا» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل ئاتالغۇنى بىرلەشتۈرۈپ «تۇچ» دەپ تەرجىمە قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كونكرېت ئىپادىلىگەندە «جۇڭگو تېشى (中国石)»، «جۇڭگو قارى (中国霜)»، «ئاق مىس (白铜)» ۋە «تۇچ (输石)» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷(总第 146 期)
Volume 22 (General No. 146)

# رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

زۆھرە بارات

(شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى 830044)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىدە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەر ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** رادىئو ماقالىلىرى؛ تەرجىمە؛ مەسىلە.

رادىئو ماقالىلىرىنىڭ تەرجىمىسى رادىئو ئاخباراتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە چېتىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ۋاقىت جەھەتتە تېزلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى بىلەن باشقا تەرجىمە تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمىنىڭ جانلىق، توغرا، راۋان، چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام بولۇشىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىدۇ. تەرجىمە مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغاندىلا، رادىئو ئاخباراتىنىڭ تەلىپىگە لايىق ماقالە ئىشلەپ چىققىلى بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، مەن بەزى تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈش جەريانىدا، بىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىمىزدە رادىئو ماقالىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەش پرىنسىپىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، تەرجىمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن بۇ ماقالەمدە رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەم ئۇ مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى كۆزقارىشىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرى خەنزۇچە رادىئو ماقالىلىرى ۋە خەنزۇچە ماتېرىيالدىن تەرجىمە قىلىنىپ، دىكتورلارنىڭ ئوقۇشى بىلەن رادىئو ئاڭلىغۇچىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرى خۇددى ئىجادىي رادىئو ماقالىلىرىغا ئوخشاش بولۇشى، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلىپى بويىچە جانلىق، توغرا، راۋان، چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇنىڭ ئاخبارات قىممىتى ۋە رادىئو تەشۋىقاتىدىكى تەسىرچانلىقى بولىدۇ.

ھازىر بىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، تەرجىمىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراش، خەنزۇچىدا جۈملە قانداق تەرتىپ بويىچە تۈزۈلگەن بولسا شۇنى ئۇيغۇرچىغا ماس كېلىدىغان سۆز بىلەن ئۆزۈل ئىپادىلەپ قويۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق تەرجىمىدە بەزىدە مەزمۇن جەھەتتە چوڭ خاتالىق كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر گرامماتىكىسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇقۇم خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. مەن رادىئو تەرجىمە ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئۇچراتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە كەسىپداشلىرىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولماقچىمەن. بىز تۆۋەندە بەزى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

15 万元以下的国产汽车竞争力正在超过进口产汽车。

تەرجىمىسى: باھاسى 150 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىللارنىڭ رىقابەت كۈچى ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللاردىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ جۈملىدە مەنە جەھەتتىن چوڭ خاتالىق بولمىسىمۇ، گرامماتىكا ھەم لوگىكا جەھەتتە نۇقسان بار. بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىللارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنىڭ رىقابەت كۈچى بىلەن سېلىشتۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، دىكتور ماقالىنى ئوقۇغۇچە ئىنتوناتسىيىگە سەللا دىققەت قىلمىسا بۇ جۈملىدىن ئۇقۇم خاتالىقى چىقىشىمۇ مۇمكىن. يەنى، «باھاسى 150 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان» دېگەن سۆز ئاپتوموبىلغا قارىتىلغانمۇ ياكى دۆلىتىمىزگىمۇ؟ دەپ سوراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملىنى «دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن، باھاسى 150 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان ئاپتوموبىللارنىڭ رىقابەت كۈچى ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچىلار دەل ئۆز ئورنىنى تاپقان، ئۇيغۇر تىلىغا راۋان چۈشىدىغان جۈملە بولىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

根据 1999 年 6 月 30 日中华人民共和国第 268 号国务院令……

تەرجىمىسى: 1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 268 ـ نومۇرلۇق گوۋۇيۈەنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئا-

ساسەن...

بۇ جۈملىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا مەنە جەھەتتە چوڭ خاتاق بولمىسىمۇ، خەنزۇچە خەت تەرتىپى بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى بۇزىدىغان جۈملىنى پەيدا قىلىپ قويغان. شۇڭا بۇنداق تەرجىمىنى توغرا تەرجىمە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا بىر سۆزنىڭ ئۆزىدىن باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى، بىرىكىشتىكى قائىدە - پرىنسىپلىرى ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. تەرجىمىدە مانا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، خەنزۇچىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش شەكىللىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

بۇ جۈملىنىڭ توغرا تەرجىمىسى مۇنداق: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى 268 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئاساسەن...

يەنە بىر مىسالنى كۆرەيلى:

新疆维吾尔自治区党委和人民政府在人民会堂隆重举行第十次民族团结先进集体，先进个人表彰大会……

تەرجىمىسى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ھالدا 10 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ جۈملىدىكى مەسىلىمۇ تەرجىماننىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ شۇ تىللارنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوخشاشمىغان تەرتىپتە ئورۇنلىشىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. بۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلمىغاندا تەرجىمىنىڭ مەنتىقىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ جۈملە مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان بولسا ئوبدان بولاتتى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خەلق سارىيىدا 10 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى.

يەنە مەسىلەن:

新疆首批贴有食品的安全QS标志的米，面，油，酱油等食品将于明年1月上市，而新疆生产这五类食品的千家左右的加工企业明年将被驱逐市场，其数据占到了同类的一半以上……

تەرجىمىسى: شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ بىخەتەر يېمەكلىك بەلگىسى چاپلانغان گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، جياڭيۇ قاتارلىق يېمەكلىكلەر كېلەر يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ بازارغا سېلىنىدۇ، ھالبۇكى، شىنجاڭدا بۇ بەش خىل يېمەكلىكنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مىڭدەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى كېلەر يىلى بازاردىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، بۇلارنىڭ سانى ئوخشاش تۈردىكى كارخانىلارنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇق.

توغرىسى: شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ بىخەتەر يېمەكلىك QS بەلگىسى چاپلانغان گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، جياڭيۇ قاتارلىق يېمەكلىكلەر كېلەر يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ بازارغا سېلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا بۇ بەش خىل يېمەكلىكنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان مىڭدەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى كېلەر يىلى بازاردىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ.

全疆目前有近6千名企业离休人员的近4千万元医疗费用没有落实……

تەرجىمىسى: ئاپتونوم رايونىمىزدا نۆۋەتتە 6000 غا يېقىن كارخانىدىن دەم ئېلىشقا چىققان خادىمنىڭ 40 مىليون يۈەنگە يېقىن داۋالاش راسخوتى ئەمەلىيلەشمىگەن.

خەنزۇ تىلىدا بىر سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى شۇ سۆزگە يانداشمايمۇ كېلىۋېرىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا بىر سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى چوقۇم شۇ سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىشى كېرەك. بۇ جۈملىدىكى «6000» سانى ئەسلىدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارغا قارىتىلىشى كېرەك، لېكىن تەرجىمىدە خاتا ھالدا كارخانىغا قارىتىلىپ، يەنى «6000 غا يېقىن كارخانا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر تەرجىمىنى خەنزۇچە خەتنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە تەرجىمە قىلغاندا يۇقىرىقىدەك مەزمۇن خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ جۈملىنىڭ توغرىسى: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا چىققان 6000 غا يېقىن خادىمنىڭ 40 مىليون يۈەندەك داۋالاش راسخوتى تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن. يەنە مەسىلەن:

第五套人民币五元纸币采用了9项公众防伪措施。

تەرجىمىسى: بەشىنچى يۈرۈش خەلق پۇلىنىڭ 5 يۈەنلىك قەغەز پۇلىدا مۇنداق 9 خىل ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللىنىلغان.

بۇ يەردە ئېيتىلغان «9 خىل» ساختىلىققا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە - تەدبىرگە قارىتىلغان. مېنىڭچە بۇ جۈملىنى «بەشىنچى يۈرۈش خەلق پۇلىنىڭ 5 يۈەنلىك قەغەز پۇلىدا ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇنداق 9 خىل تەدبىرى قوللىنىلغان» دەپ تەرجىمە قىلسا توغرا بولىدۇ.

بەزىدە تەرجىمە سۆزى لايىقىدا ئېلىنمايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

新疆航空公司坚守了16年独家飞行的最后一条航线也被"瓜分"了。

تەرجىمىسى: شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 16 يىل مۇستەقىل ئىگىلىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىمۇ پارچىلاندى.

بۇ جۈملىدىكى «مۇستەقىل ئىگىلىۋالغان»، «پارچىلاندى» دېگەن سۆزلەر توغرا ئىشلىتىلمىگەن ھەم ناھايىتى قوپال ئېيتىلغان، بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىغا «16 يىل يالغۇز قاتنىغان»، «ئەڭ ئاخىرقى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىمۇ ئېچىۋېتىلدى» دەپ ئالسا تېخىمۇ ئوبدان بولار ئىدى. يەنە مەسىلەن:

亏损企业亏损额进一步下降，国有及国有控股的企业实现利润稳步提高……

(ئاخىرى 13 - بەتتە)

# تەرجىمىدە سۆز تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

زۇمرەت بارات، مەھەممەتتۇرسۇن توختى

(ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى 830002؛
شىنجاڭ باللار تەرەققىيات مەركىزى، ئۈرۈمچى 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تەرجىمىدە سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىش ۋە سۆز تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقى، ئەسلىي مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەش ئاساسىدا تەرجىمە يەتكۈزۈلىدىغان مىللەتنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن ئىپادىلەش شەكلىنى تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تەرجىمە؛ سۆز ئىشلىتىش؛ سۆز تاللاش.

ھەممىگە مەلۇم، نۆۋەتتە تەرجىمە بىزنىڭ ئاخباراتچىلىق ۋە ئېلان- تەشۋىقات ئىشلىرىمىزدا، جۈملىدىن ئىلىم- پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، نۆۋەتتىكى ئاخبارات ۋە ئېلان- تەشۋىقات ئىشلىرىمىزدا بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ماتېرىياللاردىن خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان ماتېرىياللار خېلىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەرجىمە قىلىنىدىغان مەزمۇن ۋە دائىرىمۇ كۈنسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقاچقا، تەرجىمانلىرىمىزنىڭ يۈكىمۇ ئېغىرلاشماقتا. مانا مۇشۇنداق ۋەزىپە ئېغىر بولۇش، سۈرئەت تېز بولۇش، دائىرە كەڭ بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى نۆۋەتتىكى تەرجىمە خىزمىتىمىزدە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. تۆۋەندە بىز تەرجىمە ئەمەلىيىتى ۋە تەرجىمە ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش جەريانىدا ھېس قىلغان مەسىلىلەردىن تەرجىمىدە سۆز تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى قارىشىمىزنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسىپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

نۆۋەتتىكى تەرجىمە ئومۇمىيىتىدىن ئالغاندا، مەيلى ئېلىمىزگە ياكى چەت ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ھازىرقى زامانغا ياكى قەدىمكى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ئىجتىمائىي پەنلەرگە ياكى تەبىئىي پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، تەرجىمانلىرىمىز زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇلارنى ئاممىباب، جانلىق تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزنىڭ تەرجىمىگە بولغان ئېھتىياجىدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. تەرجىمىدە سۆزلەر ئەستايىدىل تاللىنىپ، جۈملىلەر ناھايىتى پىششىق قۇراشتۇرۇلغان، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ماتېرىياللار خېلىلا كۆپ. بىراق، ئۇنىڭ ئەكسىچە، تەرجىمىسى جانسىز، گەپلىرى يىك باسمىغان، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تەرجىمە ماتېرىياللىرىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تەرجىمىلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى تەرجىمانىنىڭ سۆزلەرنى توغرا تاللاشقا ئەھمىيەت بەرمەي، ئەسلىي تىلدا قانداق بولسا، تەرجىمە قىلىنىۋاتقان تىلغىمۇ شۇ سۆزنىڭ لۇغەتتە بېرىلگەن تەرجىمىسى بويىچىلا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كۆچۈرۈپ قويۇشىدۇر.

مەسىلەن، 有些年青人不再有标准了 دېگەن جۈملىنى ئالساق، بەزى خام تەرجىمانلار بۇنى ئۇدۇللا «بىر قىسىم ياشلاردا ئۆلچەم يوق (بەزى ياشلارنىڭ ئۆلچىمى يوق)» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ جۈملە ئاڭلىغۇچىغا غەلىتە تۇيۇلماي قالمايدۇ. قارىسىڭىز جۈملىدىكى سۆزلەر ئۇيغۇرچە، ئەمما بۇ جۈملە سىزگە چۈشىنىشلىك بىر پىكىرنى ئۇقتۇرالمايدۇ. ئەسلىي خەنزۇچىدا كۆزدە تۇتۇلغىنى «بىر قىسىم ياشلارنىڭ (ئەنئەنىۋى ئەدەپ- ئەخلاق ۋە ئادىمىيلىك تىپىغا ياتىدىغان) ئۆلچەم- قائىدىلەرنى قايرىپ قويۇشى»غا ئوخشاش مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ناچار ئەھۋال بولۇپ، يۇقىرىدىكى تەرجىمىدىن بۇ ئۇقۇمنى

ئېنىق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب
نېمىدە دېگەندە، تەرجىمان بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى 标准
دېگەن سۆزنى لۇغەتتە بېرىلگىنى بويىچە «ئۆلچەم» دەپ
ئۆلۈكلا كۆچۈرگەن ـ دە، شۇنىڭغا ماس ھالدا جۈملىنى
يۇقىرىقىدەك غەلىتە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. بىز-
نىڭچە، ئەگەر بۇ يەردە سۆز تاللاش مەسىلىسى ھەققىدە
سەللا ئويلانغان تەرجىمان بۇ جۈملىنى ناھايىتى راۋان
ھەم يېقىشلىق چىقىرالايدۇ. يۇقىرىقى جۈملە ۋە خەن-
زۇچىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنە ئاساسىدا ئويلىنىپ
باقايلى: ئۇيغۇرلار قائىدە ـ ئۆلچەمنى قايرىپ قويۇپ،
باشباشتاقلىق قىلغانلارنى قانداق سۈپەتلەيدۇ؟ «يولدىن
چىقىپ كەتتى»، «تاپتىن چىقىپ كەتتى»، «باشباشتاق
بولۇپ كەتتى»... ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلەش
كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك، پىكىر ـ ئۇقۇملارنى ناھايىتى
ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇقتۇرغىلى بولىدىغان پاساھەتلىك
تىل. باشقا تىللاردىكى تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقان-
داق ئۇقۇمنى ئۇيغۇر تىلىدا جانلىق ھەم ئۇقۇملۇق ئى-
پادىلەشكە تامامەن بولىدۇ. يۇقىرىقى سۆز بىرىكمىلىرى
ئىچىدىن قايسىسى 不再有标准了 دېگەنگە ئەڭ ماس
كېلىدۇ؟ بىزنىڭچە، «تاپتىن چىقىپ كەتتى» دېسەك
دەل جايىغا چۈشىدۇ. بىزدىكى «تاپ» سۆزى بۇ بىرىك-
مىدە دەل «ئۆلچەم» دېگەن كۆچمە مەنىدە كەلگەن. دې-
مەك، خەنزۇچىدىكى 有些年青人不再有标准了
دېگەن جۈملىنى ئازراق ئويلانساقلا، «بەزى ياشلار تاپتىن
چىقىپ كەتتى» دەپ ھەم ئۇقۇملۇق، ھەم راۋان، ھەم
يېقىشلىق تەرجىمە قىلالايمىز.

ھازىر بىزدە سۆزلەرنى ئويلانمايلا ئۇدۇل تەرجىمە
قىلىپ قويۇش ئەھۋالى بىرئاز كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ.
ھەتتا بۇ ئەھۋال بىزدە كەڭ ئومۇملاشقان ماقال ـ تەمسىل
ۋە ئادەت سۆزلىرىنى بۇزۇشقا قاراپ يۈزلەنگەندەك قىلى-
دۇ. كۆپچىلىك يولداشلىرىمىز كۆرگەن كۆپ قىسىملىق
تېلېۋىزىيە تىياتىرى «مەلىكە خۇەنجۇ»نىڭ تەرجىمى-
سىنى ئالايلى: مەزكۇر فىلىمدە ماقال ـ تەمسىللەر، ئى-
دىئوملار خېلىلا كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ
تەرجىمىسى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مەسىلەن،
以眼还眼, 以牙还牙 (33 ـ قىسىمدا) دېگەن ئىبارە
«كۆزگە كۆز، چىشقا چىش ئېلىش» دەپ، 挂羊头卖狗肉
(38 ـ قىسىمدا) دېگەن ئىبارە «قوي گۆشى كۆرسىتىپ
ئىت گۆشى سېتىش» دەپ، 独木不成林 (46 ـ قى-
سىمدا) دېگەن ئىبارە «يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس»
دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇلاردىن بىر قاراپلا ھېس قى-
لىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىقى ئىبارىلەر خەتمۇخەت ئۇدۇل
تەرجىمە قىلىنىپ، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان غەلىتە
ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلىغا سۆرەپ كىرىلگەن. توغرا، تەر-
جىمىدە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پسى-
خىكىسىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بىر قىسىم سۆز -
ئىبارىلەرنى ئەينەن تەرجىمە قىلىشنى چەتكە قاققىلى
بولمايدۇ. بىراق، تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان يۇ-
قىرىقىدەك ئىبارىلەرنى تەرجىمە يەتكۈزۈلمەكچى بولغان
مىللەت كىشىلىرى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىدىغان قى-
لىپ، شۇ مىللەت تىلىدىكى ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەش
تەرجىمىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ. ئۇيغۇر تى-
لىدا يۇقىرىقى ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەينەن ئىپادى-
لەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىبارىلەر بار تۇرۇقلۇق يەنە
نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلىپ، «ئىت
گۆشى» دېگەندەك ئۇيغۇرلار ياقتۇرمايدىغان بىرىكمە-
لەرنى سۆرەپ كىرىمىز؟ بىزنىڭچە، يۇقىرىقى ئىبارى-
لەرنى «قانغا قان، جانغا جان ئېلىش»، «قۇيرۇق كۆر-
سىتىپ، ئۆپكە سېتىش»، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىق-
ماس» دەپ ئالغان بولسا، تىلىمىزنىڭ تىل ئادىتىگە
تېخىمۇ ماس كەلگەن، ئاڭلىغۇچىلارغا تېخىمۇ يېقىش-
لىق تۇيۇلغان بولاتتى. دېمەك، بۇ يەردىمۇ تەرجىمان
سۆزمۇسۆز لۇغەت مەنىسى بويىچە كۆچۈرۈپ قويۇشنى
ئاساس قىلىپ، سۆز تاللاشقا قىلچە ئەھمىيەت بەرمىگەن
ـ دە، مانا مۇشۇنداق غەلىتە «ئىبارە»لەرنى تىلىمىزغا
سۆرەپ كىرگەن. بىزنىڭچە، تەرجىمىدىكى بۇ خىل خا-
ھىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادى-
لەش كۈچىنى قوغداش كېرەك.

ھازىر بىزدە تەرجىمىنىڭ گېپى چىقسىلا، تەرجى-
مىدە جۈملىلەرنىڭ بارغانچە ئۇزىراپ كېتىۋاتقانلىقى،
گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئارتۇقچە سوزۇلمىلىقا قاراپ يۈزلى-
نىۋاتقانلىقى، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىدىن ئۈ-
نۈملۈك پايدىلىنالمايۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەتلەر
كۆپ بولىدۇ. مۇشۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب نېمە دې-
گەندە، دەل تەرجىماننىڭ سۆز تاللاش ۋە سۆز ئىشلىتىش
مەسىلىسىدە ئەستايىدىل ئويلانمىغانلىقىدۇر. بىزنىڭچە،
تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تەرجىمان
چوقۇم ھەر ئىككى تىلغا پىششىق بولۇش بىلەن بىرگە
يەنە سۆز تاللاشقا ماھىر سۆز ئۇستىسى بولۇشى كېرەك.
شۇندىلا بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققىلى،
كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرغۇدەك تەرجىمە ئەسەرلىرىنى
بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

# تەرجىمىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئىجادىيلىقى ھەققىدە

گۈلبوستان غاپپار

(ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى، ئۈرۈمچى 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە تەرجىمىدە ئىلمىيلىككە ۋە ئىجادىيلىققا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، بولۇپمۇ تەرجىمىدە ياخشى چۈشىنىش، ئۇنۇملۇك ئىپادىلەش ۋە تەرجىمە يەتكۈزۈلمەكچى بولغان تىلنىڭ تىل ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى پاكىتلار ئاساسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تەرجىمە؛ ئىلمىيلىك؛ ئىجادىيلىق؛ تىل ئادىتى.

تەرجىمە ھەممە ساھەگە چېتىلىدۇ. ئالايلۇق، تارىخقا ئائىت بىر پارچە ماقالە تەرجىمە قىلماقچى بولساق، بىزدە شۇنىڭدا سۆزلەنگەن تارىخقا ئائىت ئومۇمىي چۈشەنچە، ساۋات بولۇشى كېرەك. ئاسترونومىيىگە ئائىت ماقالە تەرجىمە قىلماقچى بولساق، بۇ جەھەتتە ئانچە ـ مۇنچە ساۋات بولغاندىن تاشقىرى، ھېچ بولمىغاندا ئاسترونومىيىگە ئائىت لۇغەتلىرىمىز تەق بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىمۇ توغرا ئالالمايمىز. قىسقىسى، بىر تەرجىمان تەرجىمە قىلىنىدىغان تىل ۋە تەرجىمە يەتكۈزۈلىدىغان تىل، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گراممانتىكىسىغا پىششىق بولغاندىن باشقا، ئومۇمىي ساۋاتقا ئىگە بولۇشى شەرت. مانا بۇ تەرجىمىنىڭ بىر ئىلمىي ئەمگەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ شەرتنى ھازىرلىغاندىلا، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنى ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىدىغان تىلدا توغرا، ئەينەن ئىپادىلەش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ جەريان تەرجىماندىن ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر، ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئىككى مۇھىم ھالقىنى پۇختا ئىگىلەپ، نادىر تەرجىمە ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىۋاتقان تەرجىمانلىرىمىز خېلىلا كۆپ، بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. لېكىن، تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئەمگەكنى خەنزۇچىنى ئاز ـ تولا بىلىۋالسىلا ئىشلەپ كەتكىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان مەسئۇلىيەتسىز تەرجىمانلارمۇ يوق ئەمەس. رادىئولاردا ئاڭلاپ تۇرىدىغان «غەيرىي ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق كېسەل داۋالاش» (非手术方法治疗) دېگەن بۇ تەرجىمىگە قاراپ باقايلى: «غەيرىي» دېگەن سۆزنىڭ «ئاجايىپ، باشقا، باشقىچە، ئۆزگىچە، ناتونۇش، يوچۇن» دېگەندەك مەنىلىرى باركى، ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلىش مەنىسى يوق، ئۇ ئايرىم تۈپ سۆز بولۇپ، «بىلمىسىز»، «قىلماي»، «ئەتمەي» دېگەن سۆزلەردە كېلىدىغان «سىز»، «ماي»، «مەي» دېگەن يوقلۇق مەنىسىدىكى قوشۇمچىمۇ ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، «غەيرىي ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق كېسەل داۋالاش» دېگەن سۆزنى كۆچەپىرەك چۈشەنسەك، ئاجايىپ بىر خىل ياكى باشقىچە ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق كېسەل داۋالاش، دېگەن گەپ بولىدۇ، مۇنداقلا بىر ئاڭلىماققا ھېچقانداق مەنىنى ئۇققىلى بولماي ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. لېكىن، مەيلى قانداق چۈشەنمەيلى، ئۇنىڭدىن «كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلماي داۋالاش» دېگەن خەنزۇچىدىكى مۇشۇ مەنە زادى چىقمايدۇ.

تەرجىمىنىڭ ئىجادىيلىقى دېگىنىمىز، مېنىڭچە يەنە تىل ئادىتىنى نەزەرگە ئېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، 他们在那里享受阳光 دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنى «ئۇلار ئۇ يەردە قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلغانلارمۇ بار. توغرا، بۇنى خەنزۇچىدىن سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق، ئۇنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، 享受 دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە

«بەھرىمەن بولۇش» دېگەن مەنىدە، 阳光 دېگەن «قۇ-
ياش نۇرى» دېگەن مەنىدە. لېكىن، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان
ئادەم دەماللىققا ئاڭقىرالماي، تېڭىرقاپ قالىدۇ. چۈنكى،
تىل ئادىتىمىز بويىچە بۇ گەپنى «ئۇلار ئۇ يەردە ئاپتاپ
سۈنۈۋاتىدۇ» دەيمىز.

تەرجىمىدە ئەسەرنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئىخچام
ئىپادىلەشمۇ تەرجىمىنىڭ ئىجادىيلىقى جۈملىسىدىن-
دۇر. 其中的某些人 دېگەن ئاددىي بىر جۈملە سۆزنى
مىسالغا ئالساق، بەزى تەرجىمانلار بۇنى سۆزمۇسۆز قوي-
ماي تەرجىمە قىلىپ، «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى
كىشىلەر» دەپ ئالىدۇ. ئەسلىدە بۇنى «ئۇلارنىڭ بەزى-
لىرى» دېسەكلا كۇپايە ئىدىغۇ!

幸福和金钱哪个重要? دېگەننى «بەخت بىلەن
پۇلنىڭ قايسىسى مۇھىم؟» دەپ ئالساق، بۇمۇ سۆزمۇسۆز
قىلىنغان تەرجىمە بولۇپ، كېلەڭسىز تەرجىمە ھېساب-
لىنىدۇ. بۇنى تىل ئادىتىمىز بويىچە «بەخت مۇھىممۇ،
پۇلمۇ؟» دېيىش لازىم.

تەرجىمىنىڭ ئىجادىيلىقى ۋە ئىلمىيلىكى ھەق-
قىدە توختالغىنىمىزدا يەنە، بەزى تەرجىمانلار دىققەت
قىلمايۋاتقان 你 دېگەن ئالماشنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە
ئاز - تولا سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ.

بىر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىۋاتقان چېغى-
مىزدا، ئۇنىڭ مەزمۇنى، تەلەپپۇزى (بولۇپمۇ دىئالوگلار
كۆپ ئەسەردە) ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەك. 你 دېگەن
سۆزنىڭ مەنىسى «سەن، سىلەر»، 您 دېگەن «سىز،
ئۆزلىرى، سىلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن
خەنزۇچىدا 你 ئادەتتە ئەر - ئايال، قېرى - ياش، تونۇش-
ناتونۇشلار ئارىسىدىمۇ ئىشلىتىلىۋېرىدۇ. لېكىن، ئۇي-
غۇرچىدا ئىشلىتىلىشى پەرقلىق. بىز تىل ئادىتىمىزنى
نەزەرگە ئالماي، 你 لا كەلسە قارا - قويۇق «سەن» دەپ
تەرجىمە قىلىۋەرسەك ھەرگىز ئەپلەشمەيدۇ. بۇنى «سەن»
دەۋاتقان ئادەم بىلەن «سەن» دېيىلىۋاتقان ئادەمنىڭ
مۇناسىۋىتى، ياش پەرقى، جىنسى قاتارلىقلارغا قاراپ،
«سەن، سىز، سىلى» دەپ پەرقلىق ئېلىش لازىم. مانا بۇ
تەرجىماندىن تەرجىمىدە ئىجادىيلىقنى تەلەپ قىلىدى-
غان مىساللارنىڭ بىرى.

خەنزۇ تىلىدا ئورۇننى بىلدۈرىدىغان بەزى سۆزلەر
جۈملىدە ئىگە ئورنىدا قوللىنىلغاندىن باشقا، يەنە بەزى
ئابستراكت ئىسىملارنىمۇ (جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئى-
سىملىرىنىمۇ) ئىگە قىلىپ قوللىنىش ئادىتى بار. ئۇنداق
ئىسىملارنىڭ تولىسى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تەرجىمىدە كۆپ ھاللاردا ئى-
گىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

我的结论就以这两个问题为中心,同时也讲到一些与此有关的其他问题。

بۇ بىر جۈملە سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا 结论 نى
ئىگە قىلىپ «مېنىڭ خۇلاسەم ئىككى مەسىلىنى مەركەز
قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى
مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلەيدۇ» دەپ ئالساق، بۇ ئۇيغۇر تى-
لىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، مەنتىق جەھەتتىمۇ
«خۇلاسە»نى «سۆزلەيدۇ» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ
جۈملىدە 我 نى ئىگە قىلىپ «خۇلاسىدە ئىككى مە-
سىلىنى مەركەز قىلىمەن... باشقا بەزى مەسىلىلەر
ئۈستىدىمۇ توختىلىمەن» دەپ تەرجىمە قىلغان تۈزۈك.
بەزىدە ئىگە ئابستراكت ئىسىملارنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن
ئۇ ماھىيەتتە جانلىق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

دېمەك، تەرجىمىدە ئىلمىيلىك ۋە ئىجادىيلىققا
ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. تەرجىمان ئومۇمي
پەن ساۋاتى ۋە تىل ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرمىغاندىلا بۇ
مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

---

(بېشى 39 - بەتتە) مەس، بەلكى «ئامېرىكا پۇقراسى»لىق
«نوپۇس سالاھىيىتى»گە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ،
«يېشىل كارتا»غا ئىگە بولغاندىن كېيىنكى بەش يىل
جەريانىدا ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، ئامېرىكى-
نىڭ مەڭگۈلۈك پۇقراسىغا ئايلىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ
بىلەن «يېشىل كارتا» سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ ماس ھالدا
ئۆزگىرىپ «مېكسىكىدىن ئامېرىكىغا كىرىپ دېھقانچى-
لىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامىسى» دېگەن-
دىن «ئامېرىكا پۇقراسىغا ئايلانغان چەت ئەللىك مۇھا-
جىرلارنىڭ ئامېرىكا پۇقراسىلىق نوپۇس ئىسپاتنامىسى»
دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان.

ئومۇملاشتۇرغاندا، تىلىمىزدىكى «يېشىل كارتا»
سۆزى ئەسلىي ئامېرىكا ئىنگلىزچىسىدىكى Green Card
سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئۇدۇل تەرجىمىسىدىن كەلگەن بو-
لۇپ، ھازىر بۇ سۆز ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا ئامېرىكىدا
ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن چەت ئەللىكلەر-
نىڭ ئامېرىكا پۇقراسىغا ئايلانغانلىق سالاھىيىتىنى
بىلدۈرىدىغان «كىملىك» ياكى «نوپۇس ئىسپاتى»نى
بىلدۈرىدۇ. تىلىمىزدىكى «يېشىل كارتا» سۆزى تېخى
ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرگىمۇ كىرگۈزۈلمىدى. شۇڭا، ئۇنى
يېڭى سۆز سۈپىتىدە لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ
مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش نۆۋەتتە بەلگىلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە.

2003 ـ يىل 3 ـ سان | تىل ۋە تەرجىمە | 22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
2003 年第 3 期 | 语言与翻译（维吾尔文） | 第 22 卷（总第 146 期）
No. 3, 2003 | Language and Translation (Uighur) | Volume 22 (General No. 146)

# ئېغىزچە تەرجىمىدە قانداق قىلغاندا تېز خاتىرىلىگىلى بولىدۇ؟

**ئابلەت ئابدۇللا**

(كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى، كېرىيە 848400)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا نەق مەيداندا ئاغزاكى تەرجىمە قىلىشتىكى تېز خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئېغىزچە تەرجىمە؛ تېز خاتىرىلەش؛ ئۇسۇل.

ئېغىزچە تەرجىمە ــــ بىر خىل «نەق سودا»، بۇ «سودا»دا تەرجىماننىڭ باشقىلاردىن سوراش، ئويلىنىش، لۇغەت كۆرۈش پۇرسىتى بولمايدۇ. سۆزلىگۈچى نۇتۇق ئورىگىنالى بولمىغان ئەھۋالدا مەقسىتىنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن ئاخىرلاشتۇرسا، تەرجىمان بىمالال تەرجىمە قىلىدۇ. ئەگەر، سۆزلىگۈچى نەچچە ئون مىنوت، ھەتتا سائەتلەپ سۆزلەپ ئاندىن تەرجىمانغا ۋاقىت بەرسە، تەرجىماننىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ھەرقانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممە مەزمۇننى تولۇق ئەستە قالدۇرالمايدۇ. دە، مەقسەتنى ئۇقۇمۇشلۇق، تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشى قىيىنغا توختايدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، ئاغزاكى تەرجىمىگە توغرا كەلگەندە، تەرجىمان چوقۇم مۇھىم مەزمۇنلارنى خاتىرىلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇنداقتا، ئېغىزچە تەرجىمىدە تەرجىمان قانداق قىلغاندا تېز خاتىرىلىۋالالايدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1. تەرجىمان تەرجىمە پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە قولاي بولغان شەرتلىك بەلگە، ھەرپ، سان ـ سىپىر، ئاددىي شەكىل قاتارلىقلارنى بەلگىلىۋېلىپ، ئۇلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ. مەسىلەن، 增强 ، 增长 ، 提高 قاتارلىق سۆزلەرنى «↑» بىلەن، 加快 ، 促进 ، 推进 قاتارلىق سۆزلەرنى «↔» بىلەن، 错误 نى «×» بىلەن، 正确 نى «√» بىلەن خاتىرىلىۋېلىش مۇمكىن. بۇنداق يەككە سۆزلەردىن باشقا سۆز بىرىكمىسى، جۈملىلەرنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن خاتىرىلىۋېلىشقا بولىدۇ. مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 三个代表重要思想教育活动已经开始了 نى 三代开 بىلەن، 希望大家回去后认真组织学习传达精神 نى 回后传 بىلەن خاتىرىلىۋالغاندا، گەرچە خاتىرىلىۋالغان مەزمۇنلاردىن مەنە چىقمىغاندەك قىلغان بىلەن، خاتىرىلەشكە كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەپ، تەپەككۇر قىلىشقا كۆپرەك ۋاقىت قالدۇرغىلى بولىدۇ.

2. قىسقارتىلغان سۆزلەر سىستېمىسىنى بەلگىلىۋېلىپ پايدىلانسا بولىدۇ. بۇ ــــ تېز خاتىرىلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بەزى سۆزلەرنى نۇتۇقتا قىسقارتىلغان شەكىلدە سۆزلىسە، ئاڭلىغۇچىلار ئاسان چۈشىنەلمىگەچكە، سۆزلىگۈچى ئادەتتە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى تولۇق ئاتىلىشى بىلەن سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى قىسقارتىلما سۆز شەكلىدە خاتىرىلەشكە بولىدۇ. مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 中国共产党 نى «ج ك پ» بىلەن، 新疆维吾尔自治区人民政府 نى 新政 ياكى ش ھ (ش ئۇ ئا ر ھ) بىلەن، 世界贸易组织 نى 世贸 ياكى WTO بىلەن خاتىرىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

تېز خاتىرىلەشتە قايسى يېزىقنى تېز يازالىسا، شۇ خىل يېزىق بىلەن خاتىرىلەش ۋە ياكى ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىپ، ئامال قىلىپ ئۆزىگە قولاي بولۇشقا تىرىشىش لازىم. جۈملىمۇجۈملە، سۆزمۇسۆز خاتىرىلەش ھاجەتسىز، ئۇنداق بولمىغاندا تەپەككۇر قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قېلىشى ياكى مۇھىم مەزمۇنلار چۈشۈپ قېلىپ، مۇھىم بولمىغانلىرى خاتىرىلىنىپ، تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

تېز خاتىرىلەشتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار بولمىسىمۇ، تەرجىمان يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى ئۆزىنىڭ تېز خاتىرىلەشتىكى ئادىتىگە ئايلاندۇرىۋالسا، تەرجىمىگە زور دەرىجىدە قولاي بولىدۇ، تەرجىمە سۈپىتىمۇ ئۆسىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تەرجىمان ئۆزى خاتىرىلىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆزى تونۇيالماسلىقتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. تەرجىمە سېپىگە يېڭىدىن قەدەم قويغانلارنىڭ بۇ نۇقتا ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 - يىل 3 - سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation ( Uighur )

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 - سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 ( General No. 146 )

# «يېشىل كارتا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

ئاينۇر ئابدۇرېشىت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تىلدا يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى، مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى قاتارلىقلار ھەققىدە توغرا چۈشەنچە بېرىش شۇ تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، شۇنداقلا شۇ تىلنىڭ لېكسىكا تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەزكۇر ماقالىدە، تىلىمىزدا پەيدا بولغىنىغا تېخى ئۇزۇن بولمىغان «يېشىل كارتا» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ ۋە بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي پەيدا بولغان تىل — ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدىكى مەنىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يېڭى سۆز؛ «يېشىل كارتا»؛ پەيدا بولۇش؛ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش؛ ئىنگلىز تىلى.

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن بولغان باردى - كەلدى ئالاقىسى كۈنسېرى كۆپەيدى. مانا مۇشۇنداق دۇنياۋى ئالاقىنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشى، شۇنداقلا پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار كۈندە دېگۈدەك پەيدا بولۇپ، ئىلگىرىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتىدۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق. مېنىڭچە، مۇشۇنداق يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى قاتارلىقلار ھەققىدە توغرا چۈشەنچە بېرىش تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن، مەيلى ھازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

80 - يىللاردا تىلىمىزدا پەيدا بولۇپ، بۈگۈنگە كەلگەندە رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە تۈرلۈك يازمىلاردا بارغانسېرى كۆپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان «يېشىل كارتا» سۆزى تىلىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش تەسىرىدە پەيدا بولغان يېڭى سۆزدۇر. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئاتالغۇ سۈپىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار تەرىپىدىن تېخى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تۈرلۈك يازمىلاردا، شۇنداقلا چەتئەلگە بېرىپ كېلىۋاتقانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاغزاكى پاراڭلاردىمۇ «يېشىل كارتا» دەپ كۆپ ئىشلىتىلمەكتە. تۆۋەندە مەن بۇ سۆزنىڭ پەيدا بولۇشى، يەنى ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە كۆرگەن ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ قارىشىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ھەممىگە مەلۇم، بىر سۆزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن، قانداق مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاش ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش. بۇ ھەقتە پەقەت ئەمەلىي ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىش ئاساسىدا پەرەزنىلا ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنكى، مۇتلەق توغرا بولغان كونكرېت ۋاقىت، ئورۇن ۋە شەخسنى ئېنىق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. تىلىمىزدىكى «يېشىل كارتا» سۆزىمۇ، گەرچە 20 يىللار مابەينىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆز بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ دەسلەپ كىم تەرىپىدىن قاچان ۋە قەيەردە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىق جەزملەشتۈرەلمەيمىز. ئەمما، بۇ سۆزنىڭ تىلىمىزدا 90 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە خەنزۇ تىلىدىكى 绿卡 سۆزىنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغانلىقىنى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇنداقتا، خەنزۇ تىلىدىكى 绿卡 سۆزى خەنزۇلاردا قاچان ۋە قانداق پەيدا بولغان؟ 绿卡 سۆزى خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېشىل كارتا» سۆزىگە ئوخشاشلا خەنزۇلاردىمۇ ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، يەنى 80 ـ يىللارنىڭ ئالدى- كەينىدە پەيدا بولغان سۆز بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچە green card سۆزىنىڭ سۆزمۇسۆز ئەينەن تەرجىمە قىلىنىشىدىن كەلگەن.

دېمەك، تىلىمىزدىكى «يېشىل كارتا» سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى 绿卡 سۆزىنى تەرجىمە قىلىشتىن، خەنزۇ تىلىدىكى 绿卡 سۆزى بولسا ئىنگلىز تىلىدىكى green card سۆزىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي پەيدا بولۇشىنى يەنىلا ئىنگلىز تىلىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

«يېشىل كارتا» سۆزى ئەسلىي ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا ئەڭ دەسلەپ ئىشلىتىلگەن سۆز بولۇپ، Webster' s New Collegiate Dictionary نىڭ 1993 ـ يىلى بېسىلغان 10 ـ باسمىسىدا بۇ سۆز ئېلىنغان (10 ـ باسمىسىدىن ئىلگىرىكىلىرىدە بۇ سۆز ئېلىنمىغان) ۋە ئۇنىڭغا «ئامېرىكىدىكى چەت ئەللىك مۇھاجىرلارنىڭ ئامېرىكىدا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامە (بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ 1969 ـ يىلى پەيدا بولغان، ئىلگىرى ئۇنىڭ رەڭگى يېشىل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دېگەندەك چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، بۇ سۆز 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 70 ـ يىللارنىڭ بېشى ئارىلىقىدا ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا پەيدا بولغان سۆز بولۇپ، پەقەت 90 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندىلا، ئاندىن رەسمىي سۆزلەم سۈپىتىدە ئاممىباب لۇغەتلەردىن ئورۇن ئالغان ھەم يۇقىرىدىكىدەك مەنىگە ئىگە بولغان. ئۇنداقتا بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغاندا قانداق مەنىدە، قانداق دائىرىدە قوللىنىلغان؟

1963 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا ئىنگلىز تىلىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان يېڭى سۆز ۋە يېڭى سۆز مەنىلىرىنى مەخسۇس توپلاپ كۆرسىتىپ بەرگەن A Dictionary of New English ( 1973, Longman ) («يېڭى ئىنگلىزچە لۇغەت»)تە بۇ سۆز ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن:

green card بىر خىل يېشىل تاشلىق ئىجازەتنامە بولۇپ، ئۇ مېكسىكا ۋە باشقا چەت دۆلەت ئىشچىلىرىنىڭ مېكسىكا چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئامېرىكا تەۋەلىكىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

Green Carder ــ(يېشىل كارتىغا ئىگە بولغۇچى ئادەم) مېكسىكىدىن يېشىل كارتا ياكى ۋىزا ئارقىلىق كىرگەن ئادەم.

Green Carder ــ ئامېرىكىدا خىزمەت قىلىش ئىجازەتنامىسى ئالغان مېكسىكىلىق ياكى چەت ئەللىك ئىشچىلار (ئىشلەمچىلەر).

ئامېرىكىدا خىزمەت قىلىش ئىجازەتنامىسى ئالغان چەت ئەللىكلەر (بۇ يەردە ئاساسلىق كۆزدە تۇتۇلغىنى مېكسىكىلىقلار) ئىش تاشلاشقا قارشى تۇرغان ۋە باشقا يېشىل كارتىغا ئىگە بولغانلار ئاسانلا ئىش تاشلاشتا ئىشتىن ھەيدەلگەن ئىشچىلارنىڭ ئىش ئورنىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

يېشىل كارتىغا ئىگە بولغانلار ئامېرىكىدا بەش يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئامېرىكا پۇقراسىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ساقلاش جەريانىدا (مۇشۇ بەش يىل جەريانىدا) باج تاپشۇرىدۇ، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى لۇغەتنىڭ «يېشىل كارتا» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھىدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، بۇ سۆز دەسلەپ پەيدا بولغان يىللاردا چەت ئەللىكلەر، بولۇپمۇ مېكسىكىلىقلارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىپ دېھقانچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش يۈزىسىدىن بېرىلگەن «ئىجازەتنامە»نى، يەنى ئەمەلىيەتتە ۋىزا ياكى خىزمەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ئىسپاتنامىسىنى بىلدۈرگەن. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە بولسا، يالغۇز مېكسىكىلىقلار ياكى لاتىن ئامېرىكىسىلىقلارلا ئامېرىكىغا كۆپلەپ كىرىپ ئىشلەپ قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن ياۋروپالىقلار، ئافرىقىلىقلار ۋە ئاسىيالىقلارمۇ ئامېرىكىغا كىرىپ ئىشلەشكە باشلىغان. ئىش تۈرىدىن ئالغاندا، ئۇلار ئىلگىرىكىدەك يالغۇز دېھقانچىلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر(قارا خىزمەت) بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سودا ـ تىجارەت، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئامېرىكىدا تۇرۇش ـ تۇرماسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى 70 ـ يىللاردىكىدەك ئارانلا «ئامېرىكىدا ئىشلەش ئىجازەتنامىسى»گە ئىگە بولۇشىنىلا ئەمەس (ئاخىرى 36 ـ بەتتە)

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 (General No. 146)




# ئاتاقلىق تىلشۇناس تۆھپىكار مائارىپچى — خەمىت تۆمۈر

ئا. ت. مۇراد

(شىنجاڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى 830001)

دەۋرىمىزنىڭ تۆھپىكار ئوغلانى، ئاتاقلىق تىلشۇناس، پېشقەدەم مائارىپچى، شىجائەتلىك تەرجىمان خەمىت تۆمۈر ئەپەندى 1931 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىدىقۇت تېغى ئېتىكىدىكى قارىغوجا يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1939 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1948 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان ۋە كېيىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەن ۋە شۇ يىلى 9 ـ ئايدا بۇ مەكتەپنىڭ كادىرلىقىغا بەلگىلىنىپ، 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا يولداش خەمىت تۆمۈر بىر تەرەپتىن مەكتەپتە سىنىپ كادىرى ۋە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس كادىرى بولۇپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن 1953 ـ يىلى شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى)غا يۆتكىلىپ بېرىپ تاكى 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئىشلىگەن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ھەم پېشقەدەم ئۇستاز خەمىت تۆمۈر سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى 38 يىللىق ئالىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن تەشكىل تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى ھەم بۇ ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەتقىقات قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 1979 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە كافېدرا مۇدىرى، 1979 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1984 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلدى ۋە تاكى 1997 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر مەزكۇر كومىتېتنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى.

«مۇۋەپپەقىيەت ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ!». كىچىكىدىنلا تىرىشچان ھەم ئەمەلىيەتچىل ئۆسكەن خەمىت تۆمۈر مەيلى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بولسۇن ياكى خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن بولسۇن، تىرىشىپ ئۆگەندى، ئىزدەندى. بولۇپمۇ ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى ۋە تىل ئىلمى بويىچە ئالىي مەكتەپ دەرس-

لىرىنى تاماملىدى، ئۇ قانداق مەمۇرىي ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر، باشتىن - ئاخىر ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلىدى، چەت ئەللىك بىلىم ئاشۇرغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. بولۇپمۇ، ئىنستىتۇتنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە قازاق تىل - ئەدەبىياتى كەسىپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە دەرس تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىپ، بۇ كەسىپلەرنى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتى. ھازىر بۇ ئىككى كەسىپ مەزكۇر مەكتەپتىكى ئاساسىي كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارنىمۇ يېتىشتۈرەلەيدىغان كۈچلۈك كەسىپكە ئايلاندى.

خەمىت تۆمۈر ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گرامماتىكا كىتابلىرىنىڭ تولىمۇ تولۇقسىزلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تولۇق بايان قىلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىسىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ بۇ تەتقىقاتىغا نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاش ئۈچۈن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناسلارنىڭ گرامماتىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، ھەرقايسى ئېقىمدىكى تىلشۇناسلارنىڭ نەزەرىيە ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا بىرقەدەر تولۇق يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان تەتقىقاتىنى باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈپ، كەسىپداشلىرىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاس ۋە پىكىرلىرىگە ئاساسەن قايتا - قايتا تولۇقلىدى ھەمدە «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرىنى «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ئىنكاس ۋە پىكىرلەرنى ئاڭلىغان ئاساستا، 1987 - يىلى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (مورفولوگىيە)» ناملىق 528 بەتلىك مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى بويىچە بىر قاتار يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كىتاب دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى ۋە بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئىجتىمائىي پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سابىق قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور سەيدىۋاقاسوف قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىلشۇناس، ئالىملارخەمىت تۆمۈرگە خەت يېزىپ بۇ كىتابقا يۇقىرى باھا بەردى. قازاقىستان دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەمىت تۆمۈرنى ئالمۇتادا زىيارەتتە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەسىپداشلار بىلەن ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ۋە لېكسىيە ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. خەمىت تۆمۈر ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»نى تۈزۈشكە مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى.

خەمىت تۆمۈر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، بولۇپمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تۇنجى بولۇپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەسىس قىلدى ۋە «چاغاتاي تىلى» (ئابدۇرەئۇپ پولات بىلەن بىرلىكتە) ناملىق دەرسلىكنى نەشر قىلدۇردى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋە بۇ ساھەدە تۇنجى بارلىققا كەلگەن بۇ ئەسەر دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بويىچە ئىجتىمائىي پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەمىت تۆمۈر يەنە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە 1990 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى

يېزىقلىرىنى رەسمىلىك تونۇشتۇرۇش» دېگەن كىتابىنىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى ۋە كىتابىنىڭ «چاغاتاي يېزىقى» قىسمىنى ئىشلەپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان «بىزنىڭ چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان چاغاتاي تىلىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر «بابۇرنامە» ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لى شياڭ خانىم بىلەن بىرلىكتە «پارس تىلىدىن ئاساس» ناملىق ھەم دەرسلىك، ھەم لۇغەت رولىنى ئوينايدىغان كاتتا ئەسەرنى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

خەمىت تۆمۈرنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇ 50 ـ ، 60 ـ يىللاردا كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشتى. ماۋ دۇن، جياۋ شۈلى، لۇ ۋېنخۇا قاتارلىق خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ «ئوغۇل يىغىنغا قاتناشتى»، «نورما»، «تار كوچىدا»، «A تەرەپنىڭ ۋەكىلى» قاتارلىق نۇرغۇن ھېكايىلىرىنى ۋە شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسىدە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان «دوك سونرۇي»، «سۇلۇق يېزىدا باھار»، «ئانا»، «يايلاقتىكى باتۇر قۇش» قاتارلىق بىرمۇنچە فىلىملەرنىڭ سېنارىيىلىرىنى تەرجىمە قىلدى. 1978 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇزىكا تەتقىقات ئورنى توپلاپ نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى»نىڭ تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى (خۇ جىنخۇا بىلەن). 1979 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق شائىر ۋە تەرجىمانلار بىلەن بىرلىكتە «تيەنئەنمىن شېئىرلىرى»نىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. 1978 ـ يىلى باجىننىڭ «ئائىلە» رومانىنى، 1983 ـ يىلى دۇنياۋى مەشھۇر رومان «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزو» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

تۆھپىكار ئوغلانلارنى خەلق ئۇلۇغلايدۇ، خەلق ئۇلۇغلىغانلاردىن تەشكىل سۆيۈنىدۇ. ئۇلار ھامان خەلقنىڭ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ:

خەمىت تۆمۈر 1979 ـ يىلى دوتسېنتلىققا باھالىنىپ، 1986 ـ يىلى پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلدى؛ 1959 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى؛ 1977 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى؛ 1981 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئۇدا تۆت قارار گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى پەنلەر بويىچە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى؛ 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى؛ 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرلىقىغا، جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو مىللەتلەر تىللىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئىلىم ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە مىللىي مەسىلىلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى ياكى تەكلىپ قىلىندى؛ 1983 ـ يىلى جۇڭگو تىل ئىلمىي جەمئىيىتىگە قاتناشتى؛ 1993 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورلۇقىغا، 1994 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىرلىق نۇقتىسىنىڭ پەخرىي پروفېسسورلۇقىغا، 1995 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىندى؛ 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ گوۋۇيۈەننىڭ تۆھپىكار مۇتەخەسسىسلەرگە بېرىلىدىغان ئالاھىدە ياردەم مائاشىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى.

بىز ئۆزىنى بىر ئۆمۈر مىللىتىمىز پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسىگە بېغىشلاپ، زور نەتىجىلەرنى ياراتقان ۋە بۇ ساھەنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان بۇ تىرىشچان، كەمتەر، ئىلىمدا ئەستايىدىل ھەم ئەمەلىيەتچىل ئۇستازىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت ـ سائادەت، كېيىنكى ئىشلىرىغا ئۇتۇق ـ ئامەت تىلەيمىز!

# ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئالىم خەسەنى

(ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاتالغۇلار ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە پەن ـ تېخنىكا تېز تەرەققىي قىلغان ئۇچۇر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا يېڭىدىن كىرىۋاتقان ئاتالغۇلارنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، تۈرگە ئايرىلىشى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەزمۇن تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يېڭى ئاتالغۇلار؛ ئالاھىدىلىك؛ تۈر؛ ياسىلىش.

دۇنيانىڭ ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى ئۇقۇملار ھەسسىلەپ بارلىققا كەلمەكتە. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتكە ماسلىشىش يۈزىسىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش، ئاممىنى نەزەردە تۇتۇش» پرىنسىپى بويىچە باشقا تىللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۈلگە قىلىش ئاساسىدا، يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار كۆپلەپ ياسالدى، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىمۇ تەدرىجىي تولۇقلاندى ۋە بېيىدى. تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا يېڭىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرى ۋە ياسىلىشى ھەققىدە يۈزەكى قاراشلىرىمنى كەسىپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكلىرى

1. ئېنىقلىمىلىق يېڭى سۆز ياساش.

ئۇيغۇر تىلى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش، ياساش جەھەتتە ھازىرغىچە تېخى كونسېرۋاتىپ ھالەتتە بولۇپ، يېڭى سۆزلەرنى خالىغانچە ياسىغىلى ۋە ئالدىراپ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ مۇشۇ تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى، گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە لېكسىكا تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. باشقا تىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىدا بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلى بىرقەدەر كەڭدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇمۇ بەلكىم ئۇيغۇر تىلىدا پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى تەرجىمە ۋاستىسى ئارقىلىق خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ قوللىنىپ ئادەتلەنگىنىمىزدىن بولسا كېرەك. تىلىمىزدىكى ئېنىقلىمىلىق بىرىكمە سۆزلەر ئادەتتە ئىككى سۆزدىن بىرىكتۈرۈپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى سۆزنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ھازىر تىلىمىزدا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

چىداملىق زىرائەت　耐性作物

نىشانلىق بازار　目标市场

2. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش.

بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تىللارغا نىسبەتەن بىرقەدەر گەۋدىلىك. مەسىلەن، ئىنكار مەنىدىكى سۆزلەرنى ياساشتا گەرچە ئىلگىرى قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان «بەت ـ، بى ـ ، نا ـ» دېگەندەك ئەرەبچە ـ پارسچە ئالدى قوشۇمچىلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىبى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قوشۇمچىلارنى خالىغانلا سۆزنىڭ ئالدىغا قوشقىلى بولمايدۇ. پەقەت ئەرەبچە ـ پارسچە تەركىبلەردىن تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن يەككە سۆزلەردىن تۈرلەپ يېڭى سۆز ياسىغاندىلا، بىرقەدەر سىڭىشلىق بولغان بىلەن، باشقا سۆزلەرگە يات تۇيۇلۇپ كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆز ئارقا بولۇشسىز قوشۇمچىسى ئارقىلىق سۆز ياساش ئادىتى تىلىمىزدا بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالدى. مەسىلەن:

تۇراقسىز 非稳定性

تەرتىپسىز ھەرىكەت 无规运动

3. ئارىلاشما بىرىكمە سۆز ياساش.

خەلقئاراچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇيغۇرچە سۆزلەر بىلەن بىۋاستە بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يېڭى مەنە يۈكلەش ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋالمۇ ھازىرقى يېڭى سۆز ياساش يوللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇنداق سۆزلەردە كۆپىنچە ئالدىنقى يېرىمى خەلقئاراچە، كېيىنكى يېرىمى ئۇيغۇرچە بولىدۇ. مەسىلەن:

ماكرو ھالەت 宏观态

دىسكونت بازىرى 贴现市场

4. ئىنكار ئارىلاشما بىرىكمە سۆز ياساش.

بۇنىڭدا، شۇ بىرىكمە سۆزنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە كېلىدىغان ئىنگلىزچە سۆزنى ئالدى ئىنكار قوشۇمچىسى بىلەن بىرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىنكار مەنىلىك بىرىكمە سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئانگارمونىك تەۋرەش 非谐振动

ئانئورگانىك ئوغۇت 无机肥料

5. ئىنگلىزچە ئىسىمغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «- لىق // - لىك، - لۇق // - لۈك»لەرنى قوشۇپ سۈپەت ياساپ، ئاندىن ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى بىرىكمە سۆز ياساش. مەسىلەن:

كارستلىق يەر شەكلى 喀斯特地貌

كاپىللىيارلىق ھادىسە 毛细现象

6. ئىنگلىزچىدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىنغان ئىككى سۆزنى ئۇيغۇرچە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن باغلاپ يېڭى سۆز ياساش. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھازىر ياسىلىۋاتقان پەن- تېخنىكا ئاتالغۇلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

لازېرلىق پرىنتېر 激光打印机

ۋالېنتلىق ئېلېكترون 价电子

7. ئارقا قوشۇمچىلار ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش.

بۇ تىلىمىزدا ھازىر يېڭى سۆز ياساشتا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بولۇپ، بۇنىڭدا پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسىگە پېئىللاردىن تۇرغۇن سۆز ياسايدىغان «- غۇ، - قۇ، - غۇچى، - قۇچى، - غۇچ، - قۇچ، - گۈچ، - كۈچ، - ما، - مە» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسىلىدۇ. بۇنداق ياسالغان يېڭى سۆزلەر ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلە-

شىشچان بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۈنئالغۇ 录音机

سىنئالغۇ 录像机

**2. يېڭى سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى**

تىلىمىزدا يېڭى ياسىلىۋاتقان سۆز- ئاتالغۇلارنى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. ئېلان خاراكتېرلىك يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار.

بۇنداق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار ئادەتتىكى، ھېچقانداق يېڭىلىقى بولمىغان مەھسۇلات ياكى كەسىپكە يېڭىچە نام بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ساتىراشلىق كەسپىدە ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان «ساتىراشخانا (理发馆)» دېگەن سۆز بولسىمۇ، كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ياكى تېخىمۇ ياخشى بازار تېپىش مەقسىتىدە، ئوخشاش بىر ساتىراشخانىغا «ھۆسن تۈزەش ئۆيى (美容院)» دەپ نام بېرىدىغان، «سودا سارىيى (商场)» نىڭ ئورنىغا «سودا مەركىزى (购物中心)»، سودا شەھەرچىسى (商贸城)» دېگەندەك يېڭىچە نام بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇنداق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلارنى ئېلان خاراكتېرلىك يېڭى سۆز- ئاتالغۇ دېيىشكە بولىدۇ.

2. تېخنىكىلىق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار.

بۇنداق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار دەل ئېلان خاراكتېرلىك يېڭى سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇنىڭدا بىر ھەقىقىي يېڭى شەيئىگە، يەنى يېڭى ئەسۋاب ياكى يېڭى ئۇسۇلغا نام بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنداق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار مەيلى خاراكتېرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، روشەن ئالاھىدىلىككە ۋە كۈچلۈك ئەمەلىي پاكىتقا ئىگە بولىدۇ. تېخنىكىلىق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلارنى ياسىغۇچىلار شۇ يېڭى سۆز- ئاتالغۇدىكى ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياسىغان يېڭى سۆز- ئاتالغۇسىنىڭ باشقىلاردا شۇ يېڭى شەيئىگە نىسبەتەن بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەسىلەن، «كىرئالغۇ (洗衣机)»، «توڭلاتقۇ (冰箱)» دېگەن تېخنىكىلىق يېڭى ئاتالغۇلارنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭ بىر خىل كىر يۇيىدىغان ماشىنا ياكى مۇز توڭلىتىدىغان ئەسۋاب ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

3. ئىجتىمائىيلىقا ئىگە يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار.

بۇنداق يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار بىرەر يېڭى ئەسۋاب ياكى يېڭى كەشپىياتقا نام بېرىش مەقسىتىدە ئەمەس،

بەلكى بەزى ئادەتلەردە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ياكى يېڭىچە قائىدىلەرنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاياللار ئازاد بولۇپ، ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازغا ئېرىشكەندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئائىت يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار بارلىققا كېلىدۇ؛ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق كەسپىلىشىشكە يۈزلەنگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئائىت يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار مەيدانغا كېلىدۇ؛ مەكتەپلەردە ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن، ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يېرىم دۇنيا　半边天

يېزا ـ بازار كارخانىسى　乡镇企业

يىراقتىن ئوقۇتۇش　远程教学

4. ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلغان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار.

بۇ تۈردىكى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلاردا ئىپادىلەشكە قۇلاي بولۇش ۋە ئىپادىلەش قىممىتىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، سۆز ـ ئاتالغۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ئەمەس، بەلكى ئۈنۈمى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

1) يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى يىغىنچاق، ئىخچام ئېلىپ، كېلەڭسىز، ئۇزۇن ئىپادىلەنگەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قىسقارتىپ ئىپادىلەش. مەسىلەن، «يىراقتىن تىزگىنلەش ئەسۋابى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 遥控器 دېگەن سۆز ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرغاندا «تىزگىنەك» دەپ ئىخچام قېلىپلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا گەرچە شۇ ئەسۋابنىڭ مەنىسى «يىراقتىن تىزگىنلەش ئەسۋابى» دېگەندىكىدەك ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئىخچام، ئۆزلىششچان بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

2) يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ ياساش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش. مەسىلەن، كومپيۇتېر ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىش جەريانىدا 软件狗 ( 加密狗 ) (Soft Dog) دېگەن ئاتالغۇ «قارانچۇق» دەپ ھەم ئوبرازلىق، ھەم ئەسلىي مەنىسىگە يېقىن بېكىتىلگەن. ئەگەر بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىسى بىلەن ئىنگلىزچىسىدىكىسىگە ئوخشاش «ئىت» ( 狗 ) دەپ ئەينەن ئېلىنغان بولسا، ئوبرازلىق بولاتتىيۇ، ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئۇقۇم مۇجمەل بولۇپ قالاتتى. بۇ يەردە ھەم ئوبرازلىق بولۇشنى، ھەم ئۇقۇمنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ «ئىت» سۆزىنىڭ ئورنىغا رولى شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان يەنە بىر ئوبرازلىق سۆز «قارانچۇق» سۆزى ئېلىنغان. نەتىجىدە بۇ ئاتالغۇ ئوبرازلىق بولۇپلا قالماي، ئۇقۇممۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى يىللاردىن بېرى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن «پەتەك يۇلتۇز ( 矮星 )»، «موللاقچى ئاپتوموبىل ( 翻斗车 )»، «پەردە سۇ ( 薄膜水 )» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

3) يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى خەلقئارادىكى قىسقارتىلمىسى بويىچە ئېلىش ئارقىلىق، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھازىرقى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىگە ماسلىشىش ۋە خەلقئارالىششقا يۈزلىنىش مەقسىتىدە بەزى يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار خەلقئارادىكى قىسقارتىلمىسى بويىچە بىۋاسىتە قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «دۇنيا سودا تەشكىلاتى ( 世贸组织 )» دېگەن ئاتالغۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە «د س ت »دەپ قىسقارتىلماستىن، خەلقئارا ئاتىلىشى ئاساسىدا «WTO» دەپ بىۋاسىتە قىسقارتىلىپ ئېلىندى. بۇنداق قىسقارتىلغان ئاتالغۇلار ھازىر تىلىمىزغا كۆپلەپ كىرىۋاتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ خىل ئۇسۇل تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ يەنە بىر يولى بولۇپ قالدى.

## 3. مورفولوگىيىلىك ئاساستا يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇللىرى

ئۇيغۇر تىلىدا مورفولوگىيىلىك ئاساستا يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلى ۋاسىتىلىك سۆز ياساش ۋە بىۋاسىتە سۆز ياساشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ۋاسىتىلىك سۆز ياساش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ئەسلىي بار سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەشتىن ئىبارەت؛ بىۋاسىتە سۆز ياساش بولسا، تامامەن يېڭى سۆز ئىجاد قىلىشنى ياكى ھازىر بار سۆز تەركىبلىرىنى قايتا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساشنى كۆرسىتىدۇ.

1. ۋاسىتىلىك سۆز ياساش ئۇسۇلى.

ۋاسىتىلىك سۆز ياساش ئۇسۇلى ئاساسلىقى سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش، سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە باشقا تىللاردىن ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق يېڭى سۆز

ياساش. بۇنى لوگىكىلىق مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇش ۋە ئانالوگىيىلىك ئۆزگەرتىش يوللىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(1) لوگىكىلىق مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇش ئارقىلىق سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش دېگىنىمىز، مەسىلىگە باشقا نۇقتىدىن قاراش ئارقىلىق مەنە ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

①كونكرېت ئۇقۇم بىلەن ئابستراكت ئۇقۇم ياكى ئابستراكت ئۇقۇم بىلەن كونكرېت ئۇقۇم مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «مۇنبەر» سۆزى كونكرېت ئۇقۇم جەھەتتە كىشىلەر ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان (شەكىللىك) يەرنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن ئۇ بىر پروگراما نامى بولۇپ كەلگەندە بىر شەكىلسىز نەرسىنى بىلدۈرۈپ ئابستراكت ئۇقۇمغا ئايلىنىدۇ.

②خام ئەشيا بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئالماس» سۆزى بىر خىل مىنېرال ماددىنىڭ نامى، لېكىن ئەينەك كېسىدىغان بىر خىل ئەسۋابنىڭ نامىنىمۇ شۇ ئەسۋابنى ياساشتا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق خام ماتېرىيال «ئالماس» نىڭ نامىدا ئاتىغان.

③قاچا- قۇچا ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قاچىلانغان نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «بىر ئىستاكان ئىچەي» ( 喝—杯 )، «بىر تەخسە يەي» ( 吃—盘 ) دېگەن سۆزلەر بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇنىڭدا ئىچمەكچى، يېمەكچى بولغىنى ئىستاكان ياكى تەخسە ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ ئىچىگە قاچىلانغان چاي ياكى تاماق. بۇنداق مىساللار بىزنىڭ تۇرمۇش سۆزلىرىمىز ۋە ئادەت سۆزلىرىمىزدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

(2) ئانالوگىيىلىك ئۆزگەرتىش يولى ئارقىلىق سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش دېگىنىمىز، بىر شەيئىنىڭ شەكىللىنىشى ياكى ئىقتىدارىغا قاراپ، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر سۆزنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مەنە يۈكلەپ، باشقا ئۇقۇمنى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كومپيۇتېر ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىش جەريانىدا، (framc) 帧 سۆزى كومپيۇتېر ئېكرانىدىكى چاتما كاتەكچە شەكلىدە ئۇلىنىپ داۋاملىشىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى دېھقانچىلىق تەجرىبىسىدىكى كىچىك چاتما كاندۇكلارغا ئوخشىتىپ، ئاگرونومىيە كەسپىدىكى «كاندۇك» سۆزىگە يېڭى مەنە يۈكلەپ ھەل قىلدۇق. بۇنداق ئەھۋال باشقا كەسىپلەردىمۇ داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ.

2) سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش. بۇنى ئاساسلىقى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەر كۆپ بولۇپ، قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىدە سۈپەتتىن ئىسىم، ئىسىمدىن سۈپەت، پېئىلدىن ئىسىم ياساش ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

3) باشقا تىللاردىن ئېلىش. دۇنيادا ساپ تىل بولمىغىنىدەك ئۇيغۇر تىلىدىمۇ باشقا تىللاردىن بىۋاسىتە ئېلىنغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال پەن- تېخنىكا ئاتالغۇلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تىللاردىن ئېلىنغان سۆزلەر چەت تىلىدىن ئېلىنغان سۆزلەر ۋە قېرىنداش تىللاردىن ئېلىنغان سۆزلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەمەلىي مىساللار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئىلگىرى كۆپ توختالغان مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، مىسال كەلتۈرمىدىم.

2. بىۋاسىتە سۆز ياساش ئۇسۇلى.

بىۋاسىتە سۆز ياساش ئۇسۇلى، ئاساسلىقى، ئەسلىي بار بولغان سۆزلەرنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەش ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇم ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ياسالغان سۆزلەر ئادەتتە ياسالما سۆزلەر ۋە بىرىكمە سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ياسالما سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى.

ياسالما سۆز دېگىنىمىز، سۆزلەرنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان، يېڭى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل ۋە بۇ ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەر ھەممىگە تونۇشلۇق بولغاچقا بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمەن.

2) بىرىكمە سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى.

ھازىر ئۇيغۇر تىلىدىكى پەن- تېخنىكا ئاتالغۇلىرىدا بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئۇسۇلدا ئەسلىي بار بولغان سۆز ياكى سۆز ياسىغۇچى تەركىبلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياسىلىپ، يېڭى بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەنلىكى ياكى بىر سۆزنىڭ ئالدىغا ئالدى قوشۇلغۇچى قوـ

شۇلۇپ ئەسلىي سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇم ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سۆز ياساشقا بىرقەدەر قولايلىق بولىدۇ. هازىر بىز قوللىنىۋاتقان بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئالدى قوشۇمچىلىق بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلى. بۇنداق سۆز ياساش ئۇسۇلى پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. چۈنكى، پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىدا بەزى ئاتالغۇلارنى خەلقئاراچىسىدىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلساق، بەزى ئاتالغۇلارنى قىسمەن قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىمىز، بۇنداق ئەھۋال ئالدى قوشۇمچىلىق بىرىكمە سۆزلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. خەلقئاراچە ئالدى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىپ ياسىغان بىرىكمە سۆزلەرنى مۇستەقىل ئالدى قوشۇمچىلىق بىرىكمە سۆز ۋە ئادەتتىكى ئالدى قوشۇمچىلىق بىرىكمە سۆزدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلگىلى بولىدۇ. يەنى، مۇستەقىل ئالدى قوشۇمچىلارنى شۇ بىرىكمە سۆزدىن ئايرىۋەتكەندە ئۆز ئالدىغا مەنە ئىپادىلىيەلەيدۇ. مەسىلەن، «ئۇلترا»، «ھىپىر»، «سۇپېر»، «مىكرو»، «ماكرو» دېگەنگە ئوخشاش. مۇشۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن ياسالغان بىرىكمە سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئۇلترا + تۆۋەن تېمپېراتۇرا = ئۇلترا تۆۋەن تېمپېراتۇرا 起低温

ھىپىر + ئىككى ھەسسىلىك تەنچە = ھىپىر ئىككى ھەسسىلىك تەنچە 超二倍体

سۇپېر + ھېسابلاش = سۇپېر ھېسابلاش 超级计算

مىكرو + يىپچە = مىكرو يىپچە 微丝

ئادەتتىكى ئالدى قوشۇمچىلىق بىرىكمە سۆزلەردىكى ئالدى قوشۇمچىلار كۆپىنچە لاتىن، گرېك سۆزلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىش رولىنىلا ئوينايدۇ، مۇستەقىل مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. مەسىلەن، «ئانتى»، «پارا»، «دىئا» دېگەنگە ئوخشاش، تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

ئانتى + ئائوكسىن = ئانتىئائوكسىن 抗生长素

دىئا + ماگنىتلىق = دىئاماگنىتلىق 抗磁的

پارا + ھالەت = پاراھالەت 仲态

(2) مۇستەقىل سۆزلەردىن بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلى.

① ئىككى ئىسىم ياكى سۈپەتنى تەڭداش ئورۇندا قويۇپ بىرىكمە سۆز ياساش. بۇنداق سۆزلەر ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ساپلىقى 金银成色

غول-يوپۇرماق نىسبىتى 茎叶比

② ئىككى ھەرىكەتنام (ئىسىمداش)نى تەڭداش ئورۇندا قويۇپ بىرىكمە سۆز ياساش. بۇنداق سۆزلەردە ھەرىكەتنامنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلۇپ تەڭداش مەنە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىمپورت-ئېكسپورت 进出口

سېتىۋېلىش-سېتىش 进销

③ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكمە سۆز ياساش. بۇنداق بىرىكمە سۆزلەر كۆپىنچە ئىسىم + ئىسىم، سۈپەت + ئىسىم، سۈپەت + ئىسىمداش، ئىسىمداش + ئىسىم، ئىسىمداش + ئىسىمداش شەكىللىرىدە بىرىكىپ، بىر-بىرىنى ئېنىقلاش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش قاتارلىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردە كېلىدۇ.

(3) ئۇيغۇرچە-خەلقئاراچە ياكى خەلقئاراچە-ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى بىۋاسىتە بىرىكتۈرۈپ بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلى. بۇنداق بىرىكمە سۆزلەردە ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېچقانداق باغلىغۇچى ياكى قوشۇمچە تەركىب كەلمەي بىۋاستە بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

يان تېلېفون 移动电话

مىكرو تەسىر 微扰

مىنىيوپكا 超短裙

(4) گرېك، لاتىن تىللىرى شەكلىدە بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلى. مەسىلەن، «ئاپتورېمونت (汽车修理)»، «تېلېكامېرا (摄像机)». بۇ ئىككى مىسالدىكى «ئاپتو»، «تېلې» سۆزلىرى ئەسلى گرېكچە «ئاپتوموبىل»، «تېلېۋىزور» سۆزلىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بىرىكمە سۆز ياسالغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، يېڭى مەنە ئىپادىلىگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېڭى سۆز ياساش مەسىلىسىدە، مۇھىم نۇقتا نۇقسانسىز، مۇكەممەل سۆز ياساشتا بولماستىن، بەلكى ئۆز تىلىنىڭ گرامماتىكا، مورفولوگىيە سىستېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا. بۇ مەسىلە ھەققىدە تىلشۇناسلىرىمىز كۆپ توختالغان ۋە قالايمىقان سۆز ياسىغۇچىلارنى كۆپ تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق ئەھۋالدىن خالىي بولىمەن دېيىش ھازىرقى رېئاللىققا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىر يېڭى سۆزنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم ئىشلىتىشكە قولاي، خەلق ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ۋە فونېتىكا، مورفولوگىيە جەھەتلەردە ئۆز تىل سىستېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ ياساش لازىم.

# زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئەكبەر قادىر، خەلچەم مەھەممەت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، غۇلجا 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان زۇنۇن قادىر ئەپەندىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ئەمەلىي مىساللار ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ تىل جەھەتتىكى تۈز، ئاممىباپلىقى، ماقال ـ تەمسىللەردىن پايدىلىنىشتىكى ماھىرلىقى، تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، يەرلىك شېۋىلەردىن پايدىلىنىشتىكى ئەپچىللىكى ۋە يۇمۇرلۇق سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئۇستاتلىقى نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** زۇنۇن قادىر؛ تىل؛ ئەدەبىي ئەسەر.

زۇنۇن قادىر بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھۆرمەتلىك ئۇستاز ھېسابلىنىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، زۇنۇن قادىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي، جانلىق، رەڭمۇرەڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ماھىرلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇشتا ئۈلگە ياراتتى. بىز بۇ يەردە يازغۇچىنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيىتىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، يازغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 1. زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ تىلى ئېنىقلىق ۋە تۈزلۈككە (ساددىلىققا) ئىگە

زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايە تىلى خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ئۆزىدەك ھەم ساددا، ھەم يارقىن بولۇپ، يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بۇ زۇنۇن قادىرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن، يازغۇچىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى باقىنىڭ تونۇر بېشىدا پۇتنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىگە قاراڭ: «راست، بىز ناخشا ئېيتقان، كۈچ قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا قانداق يىگىت ئىدۇق، بىلەمسەن! بىزنىڭ پېشانىمىزگىمۇ يەر پۈتكەن، ئۇن نەچچە خوچە يېرىم بار ئىدى. بىزنىڭ بىر ئات، بىر ھارۋا، سېغىپ ئىچىدىغان بىر كالىمىز، ئۆز ئالدىمىزغا قوشقا قاتىدىغان بىر جۈپ ئۇيىمىز (ئۆكۈز) بار ئىدى. تورغاي چوڭ چىللىغاندا قوپۇپ، تا ئەل ياتقۇچە ئېتىزدا قوش ھەيدەيدىغان، كەتمەن چاپقان، ئورما ئورغان ئەزىمەت ئىدۇق، بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىغانىدى. ناخشىنى مانا مۇشۇ چاغدىلا ئېيتىپ ئايرىلىشىپ كەتكەن دېگىنە بىز، ھەي.... ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!»

بۇ قۇرلاردا ھېچقانداق دەبدەبىلىك، ئاجايىپ ـ غارايىپ چۈشىنىكسىز سۆزلەر يوق، ھەممىسى خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن كەلگەن ئاددىي جۈملىلەر، خالاس. لېكىن، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەنە بولسا شۇنچىلىك ئېنىق ۋە كەڭكى، بۇ قۇرلارنى ئوقۇپلا، بىز باقىنىڭ ئەينى چاغدىكى كۆڭۈللۈك، توق تۇرمۇشىنى، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالىتىنى كۆرۈۋېلىش بىلەن بىللە، «بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىغان» دېگەن سۆزلىرىدىن، ئۆزىنىڭ ئەمگەكچانلىقى بىلەن ماختىنىدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا خاس خاراكتېرىنى، «ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق» دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كونا جەمئىيەتنىڭ خورلۇقىنى يەتكۈچە تارتىپ ھالىدىن

كەتكەن ۋاقتىدىكى چوڭقۇر ھەسرىتىنى سېزىۋالالايمىز، قەلبىگە جاراھەت بولۇپ ئورناپ كەتكەن ئازابلىق كەچمىشلىرىنى بىلىمىز.

**2. زۇنۇن قادىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىلىنىڭ ئىخچام، دەل ۋە مەنىلىك، مېغىزلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان**

«چېنىقىش» ھېكايىسىنى مىسالغا ئالساق، مەتنىيازنىڭ پىشىپ تەييار بولۇپ كەتكەن قىچانى ۋاقتىدا ئورماستىن ئىسسىقتىن قېچىپ تاشلاپ قويغانلىقىنى، ھۆرۈنلۈقىنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنى «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن ماقال ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا، «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە، باقىنىڭ ئائىلىسىنىڭ تولىمۇ نامراتلىق ئىچىدە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئۆتۈۋاتقان ھالىتىنى « باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار، دېگەنلەر بۇ ئۆيدە قېنى» دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. مۇددىئانى بۇنداق دەل ھەم مېغىزلىق ئىپادىلەپ بېرىش ماھارىتىنى زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىدىن كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

**3. زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ تىلى ئوبرازلىق بولۇش خۇسۇسىيىتىگە تويۇنغانچقا، تەسۋىرلىنىۋاتقان تۇرمۇش كارتىنىلىرى تولىمۇ يارقىنلىققا، گۇزەللىككە ئىگە قىلىنغان**

زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى—ۋەقە، مەنزىرە ۋە پېرسوناژلار ئوبرازلىق تىلنىڭ ياردىمى بىلەن كۆركەم، جانلىق، يارقىن ئىپادىلەپ بېرىلگەچكە، كىتابخانلار گويا شۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، خۇددى پېرسوناژلار بىلەن بىللە مۇڭدىشىۋاتقاندەك، ئۇلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ.

بىز يازغۇچىنىڭ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»ناملىق ھېكايىسىدىكى مۇنۇ تەسۋىرگە قاراپ باقايلى:

«كوچا تېخىمۇ قاراڭغۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. گويا شەھەر تا ئاسمانغىچە كۆمۈرگە ئايلىنىپ قاپقارا بولۇپ قېتىپ قالغان. ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمۈپ، پۈتۈن ئەتراپتا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ناھايىتى سۇرلۇك بۇ كېچىنىڭ تىنچلىقىنى قەيەردىندۇر، يىراق يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان كۆكەرمە ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى ۋە پەنجىرىدىكى قاتتىق نان پارچىلىرىنى غاجاۋاتقان چاشقانلارنىڭ كىتىرلاشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ قاراڭغۇلىشى بىلەن مۇئەللىمنىڭ ھەرىكەتسىز، جىم بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن چۈمۈلىلەر ئۆمىلىشىپ، بۇرگىلەر بولسا سەكرىشىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراشقا كىرىشتى».

مانا بۇ پارچىدا كېچىنىڭ مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ھەرىكەت تەسۋىرى ئەينى چاغدىكى ۋەھىملىك دەۋرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردىكى «يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيدۇ»، «كۆمۈرگە ئايلىنىپ قاپقارا بولۇپ قېتىپ قالغان» دېگەن تەسۋىرلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق تۈسى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، جاھالەت قاپلىغان، ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ نۇرلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى سىزىپ بېرىۋاتىدۇ. «كۆكەرمە ئىتلار»، «چۈمۈلىلەر ئۆمىلىشىپ، بۇرگىلەر بولسا سەكرىشىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراشقا كىرىشتى» دېگەن تەسۋىرلەر ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورىشىۋاتقان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ رەزىل ھەرىكەتلىرىنى دەل كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۈيۈك يازغۇچى ئا. تولستوي «ئالدى بىلەن شەيئىنىڭ ھەرىكىتىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پېئىلنى تېپىۋېلىش كېرەك» دېگەنىدى. زۇنۇن قادىر ئۆز ھېكايىلىرىدە شۇنداق پېئىللارنى تېپىپ دەل جايىغا قويالىغان. نەتىجىدە ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىنتايىن جانلىقلىققا ئىگە بولغان. بىز يازغۇچىنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىگە قاراپ باقايلى: ھۇرۇن مەتنىياز «تەر پۇراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كوكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان»، «ئەزمە مەتنىياز دېھقانلارنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇپ قويىدۇ. ئەنە ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئون - ئون بەش مىنوتقىچە قۇرۇق ئۇۋىلىدى. كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۇندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەندىمۇ توختىمايدۇ. ئەنە مەتنىياز ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ قولىنىڭ ئىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى بىلەلمۇ كارى بولمايۋاتىدۇ. ئۇ ھى، ھى، ھى.... دەپ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر قىلىپ كۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتا پىستە كۆزلىرى پۈرۈلۈپ، ئۇچلىرى جاۋغىيىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە شالاڭ سارغۇچ بۇرۇتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەنە مەتنىياز ئورمىنى بىردەم مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئورۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ بېلى ئاغرىپ كەتسە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئورما ئورۇۋاتىدۇ». مانا بۇ قۇرلارنى بىز ئوقۇ-

ۋاتىمىز دېگەندىن كۆرە، مەتنىيازنىڭ ئاشۇ ھەرىكەتلىرىنى، قىياپەتلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز دېگەن ئەڭ مۇۋاپىق، ئەلۋەتتە.

**4. زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىدە قوللانغان پېرسوناژ تىلى ئاساسەن غۇلجا شېۋىسى بولۇپ، مەيلى سۆز ئىشلىتىش ئادىتى بولسۇن، مەيلى تەلەپپۇز جەھەتتە بولسۇن، زۇنۇن قادىر ئۆز ھېكايىلىرى ئارقىلىق غۇلجا شېۋىسىنى ئەدەبىي تىلىمىزغا ئىجابىي يوسۇندا باشلاپ كىردى**

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى رايونلار بويىچە مەلۇم دەرىجىدە يەرلىك شېۋە پەرقلىرىنى ھاسىل قىلغان. ھەرقايسى شېۋىلەردە مەلۇم دەرىجىدە ئۆز رايونىدىكى ئادەملەرنىڭ روھىي پسىخىكىسى، مىجەزى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ تىلنىڭ ئۆزگىچىلىكى غۇلجىلىقلارنىڭ ئۆزگىچە تەلەپپۇز قىلىشى ھەم ئۆزىگە خاس سۆزلەرنى ئىشلىتىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يازغۇچى زۇنۇن قادىر كىچىكىدىنلا ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ يۇرتنىڭ تىل تەسىرىنى قوبۇل قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئۆزگىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە ئۆزگىچە سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىسىدىكى « — ھوي روزى، ھوي روزى، ھەي روزەم!» دېگەندەك دىئالوگلارنى، «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى «مەن بولغان توي - تۆكۈن، مەشرەپلەر ئالايىتەن قىزىپ كېتەتتى. ئۇتتۇز ئوغۇلنىڭ سەر خىل بىر گۈلى ئىدىم. ھەممە مېنى باقەم - باقەم دېيىشىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى» دېگەن سۆزلەرنى كۆرۈپ باقساق، بۇنىڭدىكى تەلەپپۇز ۋە ئىشلەتكەن «روزى»، «باقى» دېگەن ئىسىملارغا «م» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «روزەم»، «باقەم» دېيىشلەر، يەنە باشقا ھېكايىلەردىكى «دېگىنا»، «ئۇنىشىدۇ»، «دېگىنە» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش غۇلجىلىقلارغا ئومۇميۈزلۈك خاس تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق تىللارنىڭ قوللىنىلىشى يەنە زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنى كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان.

**5. زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ تىلى يۇمۇرلۇق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە**

بۇ ھال ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاقچاقچى خاراكتېرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مۇنۇ دىئالوگلارغا قاراپ باقايلى:

« - خوش ئۇستام! بۇ يەرنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ.

— ئوتتۇرىسىنى باغ، چۆرىسىنى تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز ھەمراجان، — دېدى چاقچاق قىلىپ مەتنىياز».

« — ھوي، مەيەردە سېمىزلا بىر قوي ئۆلۈپ قاپتۇغۇ، — دېدى كەكە ساقال بىر چاقچاقچى مەتنىيازنىڭ جۇۋىسىنى كۆرسىتىپ. كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— « تويتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر ». بۇ ھەمراھلىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك. بىچارىنى بىر نېمە بوغۇپ قويۇپتۇ — دە.

— ھەي - ھەي توختاڭلار! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر، مۇرىسىدە كەتمەن تۇرىدىغۇ بۇنىڭ؟

— دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋالغان قوي بولسا كېرەك.

— ھەي، تىرىك ئىكەن، مىدىرلاۋاتىدۇ.

مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ، ئارقىسىچە سىلجىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەستاغپۇرۇللا، غەلىتە ئىش بولدى - دە، مۇكۇۋالسام كۆرۈپ قالدىڭلار».

مانا بۇ دىئالوگلارنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان ھوزۇرلىنىپ كۈلمەي قالمايدۇ، ئىشلىتىلگەن سۆز - جۈملىلەرنىڭ يۇمۇرلۇقلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

يازغۇچىلار خەلق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە خەلقنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن بەدىئىي تىلىمۇ ئەلۋەتتە خەلق تىلىدىن كەلگەن بولىدۇ. زۇنۇن قادىر خەلقنىڭ تۈرلۈك سورۇنلىرىدا تەبىئىي ھالدا شۇ خەلقنىڭ گۈزەل تىلىنى ئۆگەندى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل تىل بايلىقىنى قوبۇل قىلدى. بىز ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا بەكمۇ يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، بۇ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تىلىنى تولىمۇ يەڭگىللىككە، يېقىملىقلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن:

يازغۇچى ئۆزىنىڭ «پەرمان» ناملىق ھېكايىسىنى خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدەك «بار ئىكەن - دە، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن - دە، توق ئىكەن....» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىغان.

**6. زۇنۇن قادىر ئىجادىيىتىدە تىل ئەسەردىكى كەيپىياتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگىگە ئايلانغان**

بىز زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىز-

دا، كەيپىياتنى ئىپادىلەشكە ناھايىتى دىققەت قىلىنغانلىقىنى، يەنە كېلىپ شۇ خىل كەيپىياتلارنى ئەسەردە ئىشلىتىلىۋاتقان تىل ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، يازغۇچىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى مۇنۇ جۈملىلەرگە قاراپ باقايلى: «ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا توشقاندەك تۈگۈلۈپ ئۈچ ـ تۆت بالا ئولتۇرىدۇ. ئانا ـ بالىلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدىغان توپا رەڭ چىرايىدىن ئادەمگە يارىشىدىغان ئىسسىقلىق ـ خۇشاللىقلار كۆرۈنمەيدۇ. ھەممە قاپاقلار تۈرۈك، ئۆيدە غەمكىن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يېگى تىرىلىپ باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ گىژىلدىشى ۋە ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقان ئاۋاق پۈشقاق مۈشۈكنىڭ يۇمشاق خىرىلدىشى بۇ جىملىققا ئىچىنارلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. مۇڭلۇق بۇ جىملىق ئىچىدە باقىنىڭ تۆت بالىسى دان توشۇپ تۇرغۇچى ئانىسىدىن ئايرىلغان سېرىق تۈكلۈك كەپتەر باچكىلىرىدەك يېرىم ئاچ ھالدا شۈمشىيىشىپ يېتىشىدۇ»، «خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كۆلەڭگە بولۇپ، جىنازا ئۈستىدىن ئۆتەتتى»، «مانا تۇپراقلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بەختسىز ھاياتىدىن خوشلاشقان مىڭلاپ ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار دۈمچەك ـ دۈمچەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ».

مانا بۇ جۈملىلەردە فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدىكى كونا جۇڭگودا ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېزىلگەن، خورلانغان تۇرمۇش ھاياتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن مۇڭلۇق ۋە قايغۇلۇق كەيپىيات بۇ جۈملىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچىنىڭ «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ناملىق ھېكايىسىدىكى كونا شيەنگەن بىلەن يېڭى شيەنگەننىڭ دىئالوگلىرىدا بولسا ھېكايىدىكى مەسخىرىلىك كەيپىيات ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى ھەمرا، مەتنىياز قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرىدىمۇ ھېكايىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن يۇمۇرلۇق كەيپىيات گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن بىر ئۈلگە. ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

[1 ]«زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 .

[2 ]مۇھەممەت پولات: «زۇنۇن قادىر پىروزىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» .

---

(بېشى 56 ـ بەتتە) ھازىرقى ئەھۋالنى ئالغاندا، بەزىدە كىشى ئىسىملىرىنى بۇزۇپ قوللىنىشنى ئومۇمىي ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۇرۇشتە جەمئىيىتىمىزدىكى تىلچىلارنى مەركەز قىلغان بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىك رول ئويناپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

مېنىڭچە، ئىسىملارنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىشتە شۇ ئىسىمنىڭ بىرقەدەر توغرىراق شەكلىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلمىي، ئورتاق، ئومۇمىيراق ۋە ئۆلچەملىك بولغان بىر خىل ئىملا شەكلىنى ئاساس قىلغاندىن تاشقىرى، ھەر جەھەتتىن ساپالىقراق كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن مەلۇم ئىسىمنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويغۇچىنىڭ ئۆز ئىسمىنى يازغان چاغدىكى ئىملاسىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېتەكلەش، توغرىلاش، ئۆگىتىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەھۋالى ھەم ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرساق، ئۆلچەملەشتۇرسەك بولىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئۆلچەملەشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشتا، كەلگۈسىنى ۋە ئەۋلادلارنى نەزەردە تۇتساق. ئەۋلادلىرىمىز ھەرگىزمۇ بىزدىن ئاغرىنىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز ھەم دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئاقىلانىلىقىمىزغا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يەنە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئۆلچەملەشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا ھەرگىزمۇ يېرىم ـ يارتا، كەمتۈك، چولتا ۋە بۇزۇلغان شەكلىنى ئاساس قىلماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئۆلچەملەشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا يېتەكلەشنى ئاساس قىلىشقا، يېتەكلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ھەقتىكى ئۆلچەملەشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىنى چوقۇم ئىجابىي رەۋىشتە، غەلىبىلىك ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

2003 ـ يىل 3 ـ سان | تىل ۋە تەرجىمە | 22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
2003 年第 3 期 | 语言与翻译(维吾尔文) | 第 22 卷(总第 146 期)
No. 3, 2003 | Language and Translation (Uighur) | Volume 22 (General No. 146)

# يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لاردا قەبىلە ۋە فامىلە

زۇمرەت غاپپار

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې رايونى سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لارنى تەكشۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ هازىرقى قەبىلە ناملىرى، ئۇلارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يۇغۇرلار؛ قەبىلە؛ فامىلە.

840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى (شەرقىي ئۇيغۇرلار) جەنۇبقا ۋە غەربكە كۆچۈپ باشقا جايلاردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا پاناھ ئىزدەپ بارغان، ئۇكا تېكىن باشچىلىقىدىكى جەنۇبقا كۆچكەن 13 قەبىلە كېيىنچە باشقا خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەن. غەربكە كۆچكەنلىرى چوڭ ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئەسلىدە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۇ دەرياسى ۋادىسىدا چارۋىچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلار بىلەن قوشۇلۇپ قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. يەنە بىر قىسمى هازىرقى تۇرپان رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. كېيىنچە بۇ رايوندىكى ئەسلىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقى (قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ياكى غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى دەپمۇ ئېلىنىدۇ)نى قۇرغان. غەربكە كۆچكەن ئۈچىنچى بۆلۈك ئۇيغۇرلار خېشى كارىدورىغا كېلىپ بۇ يەردىكى ئەسلىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى)نى مەركەز قىلىپ، بىر سىياسىي هاكىمىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار تارىختا «خېشى ئۇيغۇرلىرى» ياكى «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە بۇ خاندانلىق تاڭغۇتلار ۋە موڭغۇللار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي هاكىمىيىتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، تارىخنامىلەردە «سارى ئۇيغۇر» ياكى «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئۇلار مۇستەقىل مىللەت دەپ قارىلىپ، ئۇيغۇرچە «يۇغۇر» (بەزىدە «سېرىق ئۇيغۇر») دەپ، خەنزۇچە 裕固族 دەپ ئېلىندى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «يۇغۇر مىللىتى» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان خېشى ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت ۋە تارىخ جەھەتتىن هازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن يىلتىزداش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر فامىلە ئىسلاھاتىمىزنىڭ مۇكەممەل ئېلىپ بېرىلىشىدا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بولار دېگەن مەقسەتتە، ئۆز قەبىلە ۋە ئۇرۇق ناملىرىنى فامىلە قىلىۋاتقان يۇغۇرلارنىڭ قەبىلە ناملىرى ۋە هازىرقى فامىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

## 1. يۇغۇرلارنىڭ قەبىلىسى

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1698 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى يۇغۇرلارنى 7 چوڭ قەبىلىگە بۆلگەن. بۇ يەتتە قەبىلە ئىچىدە ئېنىگىر تىلى (شەرقىي يۇغۇرلار تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ تىل ئالتاي تىلى سىستېمىسى موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ ۋە 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇل تىلىغا يېقىن بولۇپ، هازىرقى موڭغۇل تىلىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ)نى قوللىنىدىغان شەرقىي يۇغۇرلار چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى (大头目)، بەش ئوتاق قەبىلىسى (五格)، لوئېرگې

قەبىلىسى (罗儿格)، ياڭگى قەبىلىسى (杨哥)، سەككىز ئوتاق (八格) قەبىلىلىرىدۇر. يۇغۇر تىلى (غەربىي يۇغۇر تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ھېسابلىنىدىغان تىلدۇر)نى قوللىنىدىغان يۇغۇرلارغا ياغلاقار قەبىلىسى، خۇراڭگۇت قەبىلىسى تەۋە بولغان. كېيىن بۇ يەتتە قەبىلىدىن يەنە ئۈچ قەبىلە ئايرىلىپ چىققان، يەنى سەككىز ئوتاق قەبىلىسى ئۆز ئىچىدىن شەرقىي سەككىز ئوتاق قەبىلىسى ۋە غەربىي سەككىز ئوتاق قەبىلىسىگە ئايرىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، سىكىما قەبىلىسى (四格马) ۋە مەنتەي قەبىلىسى (曼台) قوشۇلۇپ جەمئىي 10 قەبىلە بولغان. بۇ 10 قەبىلە ئىچىدە بىرقانچىلىغان ئۇرۇق - جەمەت بولغان. ھەربىر قەبىلە ئەسلىدە كۆچلۈك بولغان رايون دائىرىسىگە ئىگە بولغان، كېيىنچە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەبىلىلەر ئارىسىدىكى رايون دائىرىسىمۇ ئانچە چەكلەنمەيدىغان بولغان. بۇ 10 قەبىلە تۆۋەندىكىدەك:

1) ياغلاقار قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ئاساسلىقى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھىرىگە قاراشلىق سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەۋە داخې رايونىنىڭ جۇلەنگو يېزىسى بىلەن مىڭخۇا رايونىنىڭ مىڭخەي يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. ياغلاقار قەبىلىسىدە جەمئىي سەككىز ئۇرۇق - جەمەت بار. ئۇلار: ئاد ياكى ئادىز، قۇڭرات، ساغلىق، دۇمان، ياغلاقار، قۇلىقار (خالىقارمۇ دېيىلىدۇ)، ئاقتاتار، سىنا قاتارلىقلاردۇر.

2) خۇراڭگۇت قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ئاساسلىقى ھازىرقى داخې رايونىنىڭ شۇيگۇەن يېزىسى بىلەن مىڭخۇا رايونىنىڭ ليەنخۇا، چيەنتيەن يېزىسى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، غەربىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە يەتتە ئۇرۇق- جەمەت بار. ئۇلار: ئاد ياكى ئادىز، خۇراڭگۇت (خارالىق)، توسى (تونئۇس)، چوڭگۇل، ئاغلان، غىگىر (گارچاق)، قىزىل (ھون، خونمۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىقلاردۇر.

3) غەربىي سەككىز ئوتاق قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ئاساسلىقى ھازىرقى داخې رايونىنىڭ شۆچۈەن يېزىسى، لاماۋەن يېزىسى تەرەپلەرگە جايلاشقان بولۇپ، غەربىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە جەمئىي يەتتە ئۇرۇق- جەمەت بار. ئۇلار: ئاد ياكى ئادىز، پالتاڭ، چىڭگىز، دۇمان، سۇلدۇز، قۇلىقار (خالىقار)، ساغلىق قاتارلىقلاردۇر.

4) بەش ئوتاق قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ئاساسلىقى ھازىرقى داخې رايونىنىڭ جيۇلەنگو يېزىسىنىڭ يۇمۇ تېغىنىڭ قېشىدىكى جىڭياۋ ئىبادەتخانىسى خوڭۇمىدۇن، داتەن قاتارلىق جايلاردا بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە 3 ئۇرۇق - جەمەت بار. بۇلار: ئاد ياكى ئادىز، گۇلىڭ ناخشۇ، بايات قاتارلىقلاردۇر.

5) شەرقىي سەككىز ئوتاق قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ھازىرقى كاڭلې رايونىنىڭ سىدالوڭ، داساۋتەن، خوڭشۇۋ، دوڭنيۇماۋ قاتارلىق جايلىرىدا بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە ئاد ياكى ئادىز، لەنچىخ، جاڭمەن، بايات، غېگىر (گارچاق) ئۇرۇق - جەمەتى بار.

6) سىكىما قەبىلىسى: بۇ قەبىلە كاڭلې رايونىنىڭ خوڭشۇۋ يېزىسى سەيدىڭ نيۇشىندۇن دېگەن جايلىرىدا بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە ئاد ياكى ئادىز، قىرغىز، توسى (تونئۇس) ئۇرۇق- جەمەتلىرى بار.

7) چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ھازىرقى كاڭلې رايونىنىڭ خوڭشۇۋ يېزىسىنىڭ بايىن، كاڭفېن، شىنيۇماۋ قاتارلىق جايلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە جەمئى 9 ئۇرۇق - جەمەت بار. بۇلار: ئاد ياكى ئادىز، سۇلدۇز، موڭغۇل، غېگىر (گارچاق)، قوڭرات، ياغلاقار، بايات، توسى (تونئۇس)، خۇراڭگۇت (خارالىق) قاتارلىقلار.

8) ياڭگى قەبىلىسى: بۇ قەبىلە كاڭلې رايونىنىڭ ياڭگې يېزىسىدىكى چوڭ - كىچىك چاڭگەن بىلەن چوڭ - كىچىك خېيزاڭ دېگەن جايلىرىدا بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدىكى ئۇرۇق - جەمەتلەر ئاد ياكى ئادىز، بايات، قوڭرات، غېگىر (گارچاق) قاتارلىقلار.

9) لوئېرگې قەبىلىسى: بۇ قەبىلە ھازىرقى كاڭلې رايونىنىڭ چىڭلوڭ يېزىسىدىكى چوڭ- كىچىك كوڭگاڭمۇ، خەيياگو دېگەن جايلاردا بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە 13 ئۇرۇق- جەمەت بار. بۇلار: ئاد ياكى ئادىز، چوڭسا، لەنچىخ، سارا (شىرا)، ھون، توسى (تونئۇس)، خۇراڭگۇت (خارالىق)، دۇمان، جورۇق، قالقا، ئاغلان، قوڭرات، غېگىر (گارچاق) قاتارلىقلار.

10) مەنتەي قەبىلىسى: مەنتەي قەبىلىسى ئەسلىدە يۇغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ قەبىلە ئاساسلىقى بوئەي يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي يۇغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ قەبىلىدە 8 ئۇرۇق- جەمەت بار. ئۇلار: ئاد ياكى ئادىز، لەنچىخ، قوڭرات، چورۇس، خۇراڭگۇت (قۇلاڭگۇت)، چۇلۇ، دۇمان، ئاغلان قاتارلىقلار.

## 2. يۇغۇرلاردا فامىلە

تەكشۈرۈش جەريانىدا ھازىرقى يۇغۇرلارنىڭ ھەربىر ئەزاسىدا خەنزۇلارنىڭ فامىلىسىگە ئوخشاش فامىلىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. ئەمما، بۇ فامىلىلەر خەنزۇ فامىلىلىرىگە مەنبە جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. يۇغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى 10 قەبىلىسىدە جەمئىي 29 ئۇرۇق- جەمەت بار بولۇپ، بۇلار بارلىق يۇغۇرلارنىڭ 29 فامىلىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم فامىلىلەر ناھايىتى قەدىمىلىككە ئىگە.

تۆۋەندە بىز يۇغۇرلارنىڭ فامىلىسىنى كۆرسىتىمىز:

| ئۇرۇق- جەمەت نامى | ئۇرۇق- جەمەتنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى | خەنزۇچە تاللىۋېلىنغان فامىلە خېتى |
|---|---|---|
| ئاد ياكى ئادىز | 安帐(或)奄章 | 安 |
| قوڭرات | 巩鄂拉提 | 郭 |
| ساغلىق | 索嘎勒 | 索 |
| دۇمان | 杜曼 | 杜 |
| ياغلاقار | 亚赫拉提 | 杨 |
| سىنا | 斯娜 | 白 |
| ئاقتاتار | 啊克达塔尔 | 白 |
| خۇراڭگۇت(خارالىق) | 呼郎嘎特(或霍尔勒) | 贺 |
| توسى(تونۇس) | 妥鄂什 | 妥 |
| چوڭگۇل | 钟鄂勒 | 钟 |
| ئاغلان | 乌郎(惑啊尔郎) | 朗 |
| غېكىر(كارچاق) | 鄂盖尔 | 高, 李. |
| خالىقار(قۇلىقار) | 卡(或哈)勒嘎尔 | 柯, 哈 |
| قىزىل(ھون، خون) | 克孜勒(或浑) | 洪 |
| پالتاڭ | 帕勒坦 | 潘 |
| سۇلدۇز | 苏勒杜斯 | 苏 |
| كۆلىڭ ناخشۇ | 顾令 | 顾 |
| چىڭگىس | 增斯恩(或增柯斯) | 郑 |
| بايات | 巴依亚提 | 吴, 巴, 白 |
| جاگمەن | 常曼 | 常 |
| لەنچىخ | 兰恰克(或兰贾克) | 兰 |
| قىرغىز | 各尔格兹 | 耿 |
| موڭغۇل | 蒙戈勒 | 孟 |
| چوڭگا | 冲萨 | 孔 |
| سارا ، شىرا | 西喇 | 黄 |
| چورۇق | 贾鲁克 | 贾 |
| قالقا | 格勒克 | 葛 |
| چورۇس | 绰罗斯 | 左 |
| چۇلۇ | 齐鲁 | 石 |

يۇقىرىقى فامىلىلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن شەرھلەشكە بولىدۇ:

1) قەدىمكى قەبىلە ۋە ئەجدادلارنىڭ نامىدىن كەلگەن. ياغلاقار — يۇغۇر تىلىدا «قەيسەر، باتۇر» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇر (خۇيخۇ) خاقانى ياغلاقاردىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. ياغلاقار خانىنىڭ نامى سۇڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن. يەنى، ياغلاقار، ياغلاقار مىلىئى، ياغلاقار توگشۇن دېگەندەك خاقانلار نەسەبى بولغان بولۇپ، «ياغلاقار» ئەسلىدە ئادەم ئىسمى ئەمەس، قەبىلە نامى بولۇپ، بۇ يەردە قەبىلە نامىنى ئىسىم ئورنىدا قوللانغان. تەتقىقاتچىلار «ياغلاقار بولسا خان ئەۋلادىنىڭ فامىلىسى، خانلار مۇشۇ قەبىلىدىن چىقىدۇ» دەپ قارايدۇ. يۇغۇرلارمۇ مۇشۇ قەبىلىدىن چىققان ياغلاقار فامىلىلىك كىشىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. ئاد ياكى ئادىز قەبىلىسىنىڭ نامىمۇ قەبىلە ئاقساقىلى ئاد ياكى ئادىزنىڭ نامىدىن كەلگەن.

2) ئولتۇراقلاشقان ئورۇننىڭ نامىدىن بارلىققا كەلگەن. ساغلىق (بەزى تەتقىقاتچىلار « سائول» دەپ ئاتىغان) سۆزى «سۇيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت، يېشىللىققا پۈركەنگەن زېمىن» دېگەن مەنىدە. يۇغۇرلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، بۇ جەمەتنىڭ ئەجدادى ئەنە شۇنداق جاينى تاللاپ ئولتۇراقلاشقان ۋە مال- چارۋىلارنى باققان. شۇ سەۋەبتىن ساغلىق فامىلىسى قويۇلغانىكەن.

3) تارىختىكى باشقا قەبىلە ۋە مىللەت نامىنى ئاساس قىلىپ قويۇلغان. «قىرغىز» فامىلىسى — قىرغىز مىللىتىنىڭ نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. «ئاق تاتار» فامىلىسىمۇ قەدىمكى قەبىلە نامى تاتار ( 鞑靼 ) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىلىدۇ.

4) لەقەم ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. «پالتاڭ» سۆزىنىڭ مەنىسى

«كۆزى يوغان» بولۇپ، يەرلىك يۇغۇرلارنىڭ دېيىشىچە، چىڭخەيدىن يۇغۇرلار رايونىغا كېلىپ قالغان بىر كىچىك سودا ـ سېتىقچى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى ناھايىتى يوغان ئىكەن. يۇغۇرلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇنىڭغا «پالتاڭ» (يوغان كۆز) دەپ لەقەم قويۇپتۇ. كېيىن بۇ كىشى يۇغۇرلار رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ يۇغۇر قىزى بىلەن تويلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ جەمەتى ئاۋۇپ پالتاڭلار جەمەتىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن.

5) خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى ۋە ئىسمىنى فامىلە ۋە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىش. بەش دەۋر ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، يۇغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەۋلادلىرىنىڭ خەنزۇچە ئىسمى بولغان. مەسىلەن، 李阿山، 杨福安، 安千 قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئەمما، كۆپچىلىك يۇغۇرلار يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئىسىم قويغان. ئازادلىقتىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يۇغۇرلار ئۆز يېزىقىنىڭ بولمىغانلىقى ۋە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسىنى قەبىلە ۋە ئۇرۇق ـ جەمەت ئاساسىدا تۇراقلاشتۇرۇپ، مەخسۇس تاللىۋېلىنغان خەنزۇچە خېتى ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرغان (يۇقىرىدا بىز تىزىپ كۆرسەتكىنىمىزدەك). مەسىلەن، 贺继新 (قۇلاڭگۇت فامىلىسىدىكى 继新 دېگەن مەنىدە)، 钟福祖 (چوڭگۇل فامىلىسىدىكى 福祖 دېگەن مەنىدە)، 郭梅兰 (قوڭرات فامىلىسىدىكى 梅兰 دېگەن مەنىدە)... دەپ قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇپ، نوپۇستا ۋە يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىگەندە شۇنداق قوللىنىدۇ.

يۇغۇرلار ئۆز ئىچىدە بولسا، يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئىسىم قويىدۇ، ئادەتتە بويىچە ئاتايدۇ ۋە شۇنداق قوللىنىدۇ. Sen ni səmək er? (سېنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتىڭ نېمە (قايسى)؟) sen ni at dər? (سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟) دەپ سورىغاندىن كېيىن دەسلەپ ئۆز ئۇرۇقىنى، ئاندىن ئىسمىنى ئاتايدۇ.

غەربىي يۇغۇرلار ئىسمىدىن تۆۋەندە بىر قانچىنى كۆرسىتىمىز:

| | | |
|---|---|---|
| 雅柯尔 | jakər | يېتىم |
| 雅荷洁斯 | jaɣ dʒis | ياغتاش |
| 哈尔斯兰 | arslan | ئارسلان |
| 巴尔斯 | bars | يولۋاس |
| 玛尔简 | mardʒan | ئۈنچە، مارجان |
| 铁穆尔 | dəmər | تۆمۈر |
| 阿勒坦 | altan | ئالتۇن |
| 阿依吉斯 | ɑjdʒis | ئايتاش |

ھازىرقى يۇغۇرلار ئىچىدە يەنە 屈，凯，李，强，张，蔺 فامىلىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بىراق بۇلار ئەسلىدە يۇغۇرلارنىڭ فامىلىسى ئەمەس، بەلكى يۇغۇر قىزلىرى خەنزۇ يىگىتلىرى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇغۇر قەبىلىلىرى ئىچىگە كۆچۈپ كېلىپ قەبىلە تۈزۈمى، ئۆرپ ـ ئادىتىگە بويسۇنۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇلار بار بولۇپ، گەرچە ئۇلار يۇغۇرلارغا سىڭىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز فامىلىسىنى ساقلاپ قالغان.

يۇقىرىدىكى كۆزقاراشلار شۇ رايوننى تەكشۈرۈش جەريانىدا يۇغۇر كىشىلىرى (غەربىي يۇغۇرلار كۆپچىلىك سانىنى ئىگىلەيدۇ) بىلەن سۆھبەتلىشىش ئاساسىدا يىغىلغان ئاغزاكى، يازما ۋە تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ماقالە يۇغۇرلارنىڭ فامىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات بولغاچقا، تەتقىقاتچىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**پايدىلانمىلار:**

[1] لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (ئۇيغۇرچە). ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000.

〔2〕贺青松主编：《肃南纵横》· 甘肃文化出版社，1994年出版。

〔3〕田自成，多红斌编著：《裕固族风情》· 甘肃文化出版社，1994年出版。

[4] گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى؛ گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى لىيەنخۇا رايونى مەدەنىيەت پونكىتىدىن خې جىشىن ئەپەندى (يۇغۇر)، سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن ئەنشيۇيىڭ (مارجان) خانىم (يۇغۇر) قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسى.

[5] شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى باجەنلوڭ ئەپەندى (يۇغۇر) تەمىنلىگەن ئاغزاكى ۋە يازما مەلۇماتلار.

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译 ( 维吾尔文 )
Language and Translation ( Uighur )

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷 ( 总第 146 期 )
Volume 22 ( General No. 146 )

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە

**ھەمدۇللا ئابدۇراخمان**

(ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشتە يېتەكلەشنى ئاساس قىلىش، يېتەكلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەكلىكى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى؛ قېلىپلاشتۇرۇش؛ ئۆلچەملەشتۈرۈش؛ يېتەكلەشنى ئاساس قىلىش.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشى بىلەن كىشىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي بەلگە. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇنى سىستېمىلاشتۇرۇش — ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى يېڭى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشمۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە سۆزنىڭ ئەسلىي ھالىتى بىلەن كىشى ئىسمى قىلىپ قوللانغاندىكى ھالىتى ئوخشاش بولسا ياكى ئىسىمنىڭ ئەسلىي ھالىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا كىشى ئىسمى قىلىپ قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ھالىتىدە پەرق بولمىسا، ئۇ ھالدا ئىملا ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىن ئەسلىدىكى بىلەن جەزمەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەگەر خەلق ئارىسىدا كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ھالىتى شۇ ئىسىمنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى بىلەن ئوخشاش بولمىسا (يەنى پەرق بولسا)، ئىسىمنىڭ جانلىق تىلدىكى ھالىتىگە ئەگىشىپ كەتمەي، تىلىمىز يار بەرگەن شارائىتتا، ئامال بار ئەسلىي ھالىتىگە تارتىپ قېلىپلاشتۇرۇشىمىز ياكى ئامال بار ئەسلىي ھالىتىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قېلىپلاشتۇرۇشىمىز لازىم. جانلىق تىلدىكى ھالىتىگە ئانچە بەك ئەگىشىپ كەتمەيمىز دەپ، جانلىق تىلدىكى ھالىتىدىن بەك يىراقلىشىپمۇ كەتمەسلىكىمىز لازىم. يەنە شۇنداقلا ئەسلىگە تارتىمىز دەپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى رېئاللىقىدىن قاچۇرۇپ، ھەددىدىن زىيادە ئەسلىگە تارتىپ، ئەمەسلا بىرنېمە قىلىپمۇ قويماسلىقىمىز لازىم. قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە — يېتەكلەشنى ئاساس قىلىش كېرەك. يېتەكلەشنى ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ قىممىتى، كىشىلەرنى قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا توغرىلاش، تۈزەش، ئىزغا سېلىش ئاساسىدا يەنە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىنىمۇ مۇۋاپىق نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ ئىشتا يېتەكلەشنى ئاساسىي شەرت قىلغان ئاساستا، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنى مۇۋاپىق نەزەرگە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

(ئاخىرى 51 ـ بەتتە)

2003 - يىل 3 - سان | تىل ۋە تەرجىمە | 22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 - سان)
2003 年第 3 期 | 语言与翻译(维吾尔文) | 第 22 卷(总第 146 期)
No. 3, 2003 | Language and Translation (Uighur) | Volume 22 (General No. 146)

# خەنزۇ تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا

ئالىمجان ئابدۇرېشىت
(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى، ئۈرۈمچى 830002)

ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە نەشر ئەپكارلىرى مىللەتنى يېتەكلەش، شۇ مىللەتكە ئۇچۇر، يېڭىلىق يەتكۈزۈش، شۇ مىللەتنىڭ تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە زور رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىلنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. زامان ئۆزگىرىشى ۋە تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلىدا بىر قىسىم يېڭى سۆزلەر ياسىلىپ ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە نەشر ئەپكارلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. لېكىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان روللارنى زىممىسىگە ئالغان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن نەشر ئەپكارلىرىدا يېڭىدىن ياسالغان شۇ سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى دېگەندەك دەل، چۈشىنىشلىك، ئىخچام، توغرا ئېلىنماي ئوقۇرمەن، كۆرەرمەن، ئاڭلارمەنلەرنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ ساقلانماقتا. ئەگەر بۇ ئاتالغۇلار شۇ تەرىقىدە ئىشلىتىلىۋەرسە، تىل بايلىقىمىز ئېشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاممىغا توغرىسىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر.

ئالايلۇق، خەنزۇچە 〈9.11〉事件, 不夜(城)街, 供热(暖)站 لارنىڭ تەرجىمىسى كۆپ ھاللاردا «ئىسسىقلىق (پار) بىلەن تەمىنلەش پونكىتى»، «كېچە بولماس (شەھەر) كوچا»، «11 - سېنتەبىر، ۋەقەسى» دەپ ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، تازا جايىغا چۈشمىگەن ياكى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن، بەزىلىرى مەنتىققە چۈشمىگەن. «供热(暖)站» نىڭ تەرجىمىسىنى «ئاممىباب، قىسقا، چۈشىنىشلىك بولۇش» دېگەن پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلساق بولىدۇ. يەنى، خەلق ئارىسىغا قايتساق، خەلق ئارىسىدا «ئۆيىمىزدىكى پارۋاي تازا ئىسسىمايۋاتىدۇ»، «پار بېرىپتىمۇ؟» دېگەندەك سۆز - جۈملىلەر بار. شۇڭا، ئۇنى «پار پونكىتى» دەپ تەرجىمە قىلساق بولىۋېرىدۇ. سىز جۇڭگودىكى بىرەر ئورۇندا 24 سائەت قۇياش پاتماي يورۇق تۇرىدىغان بىرەر كوچا، شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ شۇڭا، 不夜(城)街 دېگەننى جۇڭگودا قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا «كېچە بولماس (شەھەر) كوچا» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىدا «كېچە» دېگەن ئۇقۇم قۇياش پاتقاندىن كېيىنكى قاراڭغۇ ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. 不夜(城)街 دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسى كېچە — قاراڭغۇ تۇيغۇسى بەرمەيدىغان جاينى كۆرسىتىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى «يورۇق (شەھەر) كوچا» دەپ تەرجىمە قىلساق بولىدۇ.

2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن دۇنيادا زور زىلزىلە پەيدا قىلغان ۋەقەنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن خەنزۇچىدىمۇ بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەقە «9.11 事件» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ خەنزۇچىغا ئوخشاشلا «11 - سېنتەبىر، ۋەقەسى» دەپ ئېلىنىپ، «ۋەقەسى» دېگەن سۆز قوش تىرناقنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ. تىلىمىزدا «ئالاھىدە زور ۋەقەلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ» دېگەن قائىدە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «11 - سېنتەبىر»نىڭ ئۆزى ۋاقىت نامى بولۇپ، ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ۋەقەگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا، شۇ كۈندىكى ئالاھىدىلىك — ۋەقە قوش تىرناقنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، خۇددى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»، «9 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دېگەندەك «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دەپ ئېلىنىشى كېرەك.

# خەنزۇچىدىكى 吧 بىلەن كەلگەن يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىپادىلىنىشى

دىلمۇراد جامال
(شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830000)

مەلۇمكى، ھەرقايسى تىللار بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا سۆز قوبۇل قىلىش كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى چەت ئەل تىللىرى، جۈملىدىن ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بىر قىسىم سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. خەنزۇ تىلىدىكى 酒吧 ، 网吧 دېگەن سۆزلەردىكى 吧 سۆزى ئىنگلىزچىدىكى «bar» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان شەكلى بولۇپ، ئۇ ھازىر خەنزۇ تىلىدىكى خېلى ئاكتىپ مورفېما سۈپىتىدە شۇ قاتاردىكى زامانىۋى پۇراققا ئىگە بىرمۇنچە سۆزلەرنى ياسىغان. 2001 - يىلى شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (54 - بەت) تە 吧 سۆزى «bar» (قاۋاقخانا) دەپ ئىزاھلانغان ۋە 娘吧 ، 女吧 سۆزى «ھاراقپۇرۇش ئايال، قاۋاقخانىنىڭ ئايال كۈتكۈچىسى» دەپ ئىزاھلانغان. خەنزۇ تىلىدىكى 吧 سۆزى بىلەن ياسالغان 网吧 ، 茶吧 ، 书吧 ، 迪吧، 氧吧 ، 酒吧 قاتارلىق سۆزلەردىن پەقەت 酒吧 سۆزىلا يۇقىرىقى يېڭى تۈزۈلگەن چوڭ لۇغەت (1135 - بەت)تە «مەيخانا، قاۋاق» دەپ ئىزاھلانغان. لېكىن، قالغان سۆزلەر لۇغەتتە ئۇچرىمايدۇ. ھازىر يۇقىرىقى سۆزلەر تەركىبىدىكى 吧 سۆزى ئۇيغۇرچىدىكى «خانا» دېگەن ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن مەنىداش دەپ قارىلىپ، يۇقىرىقىدەك سۆزلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «تورخانا»، «چايخانا»، «كىتابخانا»، «دېسكوخانا»، «ئوكسىگېنخانا» دەپ ئېلىنماقتا. مېنىڭچە، بۇنداق تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

بىرىنچىدىن، 吧 بىلەن ياسالغان يۇقىرىقى سۆزلەرنى «خانا» قوشۇمچىسى بىلەن سۆز ياساپ ئىپادىلىگەندە ئۇقۇم تازا ئېنىق بولماي قالىدۇ. شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991 - يىلى نەشر قىلىنغان «لوڭمەن ئىنگلىزچە - خەنزۇچە ئىزاھلىق لۇغەت»تە ئىنگلىزچىدىكى «bar» سۆزىنىڭ يەتتە خىل مەنىسى ئىزاھلانغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ مەنىسى «قاۋاق» بولۇپ، ھاراق ياكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك سېتىلىدىغان جاي دېيىلگەن (شۇ لۇغەتنىڭ 57 - بېتىگە قارالسۇن). شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ 酒吧 دېگەن سۆزنى «قاۋاق» دەپ تەرجىمە قىلىشتا ئەنە شۇ مەنە ساقلانغان. لېكىن، 茶吧 ، 书吧 سۆزلىرىنى يەڭگىللىك بىلەن «چايخانا»، «كىتابخانا» دەپ تەرجىمە قىلساق مۇجمەللىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى، 书吧 كىتاب سېتىلىپلا قالماي يەنە ئىچىملىك سېتىلىدىغان، كىتاب كۆرىدىغان، ھەتتا مۇزىكا قويۇلىدىغان سورۇن؛ 茶吧مۇ چاي ئىچىلىپلا قالماي، يەنە ھەرخىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك ئىستېمال قىلىنىدىغان، يېنىك مۇزىكا قويۇلىدىغان، گۈلشەن پاراڭلىرى قىلىنىدىغان سورۇن بولۇپ، ئۇلارنى 书店 ۋە 茶馆 سۆزلىرى بىلەن پەرقلەندۈرمىسەك، ئىلمىي بولمايلا قالماستىن، ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقى كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، 吧 بىلەن كەلگەن يۇقىرىقىدەك بەزى سۆزلەرنى «خانا» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەندە، دەۋر تۈسى بىلەن چەت تىل تۈسى يوقاپ كېتىدۇ. 1999 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (471 - بەت)دە «خانا» قوشۇمچىسى «بەزىبىر ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئورۇن، جاي مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. ئەگەر خەنزۇچىدىكى ئەبجەش سۆز 书吧 ، 酒吧 ، 氧吧 ، 迪吧 ، 茶吧 سۆزلىرىنى بىراقلا «خانا» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئەسلىي سۆزدىكى يېڭى مەنە بېرىدىغان دەۋر تۈسى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمەيلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدىكى ئىنگلىزچە تۈسمۇ يوقايدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى 吧 سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئىنگلىزچىدىن ئاھاڭ بويىچە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى «كىتاببار»، «چايبار»، «دېسكوبار»، «ئوكسىگېنبار» دەپ ئالساق بولىدۇ. بۇ سۆزلەر دەسلەپتە سەل باشقىچە ئاڭلانسىمۇ، لېكىن ئىزچىل تىل ئىستېمالى جەريانىدا قوبۇل قىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. كەسىپداشلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 - يىل 3 - سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 - سان)
第 22 卷(总第 146 期)
Volume 22 (General No. 146)

# 特困 سۆزىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

ئېلاخۇن قۇربان
(بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم، كورلا 841000)

گېزىت - ژۇرناللاردا، ھۆججەت - ماتېرىياللاردا، رادىئو - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدە «ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار....» دېگەن سۆزلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئېنىقكى، بۇ خەنزۇ تىلىدىكى 特困 سۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. تەرجىمانلىق بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانغان تەجرىبىلىك بىر كىشىنىڭ «تەرجىمان تىل ئالماشتۇرۇشتىكى كۆۋرۈك، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كېلىپ تىلنى تەرجىمان بۇزىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانمەن. روشەنكى، «تىلنى تەرجىمان بۇزىدۇ» دېگەن بۇ سۆز باشقا تىللاردىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا خەتمۇخەت ئۇدۇل تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئىشلىتىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، زورمۇزور يۈكلەش ھادىسىسىگە قارىتىلغان بولسا كېرەك. يېقىندا مەن تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ئۇچراتتىم ۋە ئاڭلىدىم:

1. 城镇就业问题、特困企业职工生活安置问题、农民增收减负问题 、一些土地草场纠纷等等, 涉及的面比较广, 工作难度较大, 如果处理不好, 很容易引发影响大局稳定的群体事件。(王乐泉书记—自治区第六次党代会报告)

«شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسى، بىر قىسىم يەر، ئوتلاق ماجىراسى مەسىلىلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭ، ئەگەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئاسانلا ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەر كېلىپ چىقىدۇ.» (يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتى، خەنزۇچە 36 - بەت، ئۇيغۇرچە 47 - بەت.)

2. 要特别做好城镇优抚对象中孤老和特困户的扶贫帮困工作, 重点解决老红军、老复员军人、伤残军人、烈属等重点优抚对象的实际困难。《巴音郭楞日报》2001 年 12 月 26 日头版题: 元旦春节将至, 民政部要求多为百姓"雪中送炭" 一文

«يېڭى يىل، چاغان يېقىنلىشىپ قالدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى پۇقرالارنىڭ ھالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئېلىشنى تەلەپ قىلدى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىدە: «شەھەر - بازارلار ئېتىبار بېرىش - يۆلەش ئوبيېكتلىرى ئارىسىدىكى غېرىبلار، ياشانغانلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئالاھىدە ياخشى ئىشلەپ، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى، ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەملەر، يارىدار، مېيىپ جەڭچىلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك». («بايىنغولىن گېزىتى» 2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، 1 - بەت).

3. «ئاپتونوم رايون ھال سوراش بويۇملىرىنى نامرات جايلارغا يەتكۈزۈپ بەردى» دېگەن خەۋەردە: «ئاپتونوم رايون ھال سوراش بويۇملىرىنى ئېلىپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ناھىيىلەردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھال سوراش بويۇملىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ھال سورىدى....» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى ئەتىگەنلىك خەۋەرلەردە).

يۇقىرىقى مىساللاردىكى 特困企业职工، 特困户 قاتارلىق خەنزۇچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا «ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر»، «ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

(ئاخىرى 71 - بەتتە)

2003 ـ يىل 3 ـ سان | تىل ۋە تەرجىمە | 22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
2003 年第 3 期 | 语言与翻译(维吾尔文) | 第 22 卷(总第 146 期)
No. 3, 2003 | Language and Translation (Uighur) | Volume 22 (General No. 146)

# بىرنەچچە سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تۇرسۇنئاي روزى

(شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە ـ تەھرىر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830044)

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، باشقا ـ باشقا تىلدىكى مۇناسىپ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى تەڭ قىممەتلىك بولغىنى بىلەن، كۆپ قىسمى گرامماتىكىلىق ئىقتىدارى، ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىش ئادىتى جەھەتتىن ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا بىر قىسىم تەرجىمانلار سۆزلەرنىڭ ئاساسلىق بىرلا مەنىسىگە ئېسىلىۋېلىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ شۇ كونتېكىستتا قانداق مەنىدە ۋە قانداق رولدا كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلمايدۇ. مەن بۇ ماقالىدە بىرنەچچە سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. 透露 . بۇ سۆز بىرقانچە يىللاردىن بۇيان، گېزىت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردە «ئاشكارىلاپ قويدى»، «ئاشكارىلىدى»، «ئاشكارىلاپ قويۇشىچە» دەپ بىرلا مەنىدە تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى ۋە تەرجىمە قىلىنماقتا. تەرجىمان بۇ سۆزنىڭ بەزى لۇغەتلەردىكى 泄漏 ياكى 显露 دېگەن قىسقىلا ئىزاھاتىغا قاراپلا، ئۆز تەرجىمىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايدۇ. دەرۋەقە، بۇ سۆزنىڭ «ئاشكارا قىلىپ قويماق»، «ئاشكارىلىماق» مەنىسىمۇ بار، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇ سۆزنى ھەممىلا يەردە «ئاشكارا قىلىپ قويماق»، «ئاشكارىلىماق» دەپ ئېلىۋەرسەك، بەزىدە تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تۆۋەندە 透露 سۆزىنى قانداق مەنىلەردە قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

透露消息 دېگەن ئىبارىنى «خەۋەر ئاشكارا بولۇپ قالدى» ئەمەس، «خەۋەر تارقالدى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ؛ 据外国报纸透露 دېگەن جۈملىنى «چەت ئەل گېزىتلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە «چەت ئەل گېزىتلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا» دەپ تەرجىمە قىلسا تېخىمۇ جايىغا چۈشىدۇ. چۈنكى، لۇغەتلەردە 透露 سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھلار قاتارىدا 消息 سۆزىمۇ بار؛ 这话里微微透露出责备的意思 دېگەن جۈملە «بۇ گەپ ـ سۆزلەردە بىر ئاز تەنە ـ ئاچچىقنىڭ بارلىقى سېزىلىپ تۇرۇپتۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، خاتا تەرجىمە قىلىنغان بولمايدۇ؛ گېزىتلەردە 这位不愿意透露姓名的官员 دېگەن جۈملە بەزىدە 这位不愿意说出姓名的官员 دېگەن شەكىلدىمۇ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل شەكىلدىكى جۈملە ئۇيغۇرچىدا پەرقلەندۈرۈلمەستىن، «ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئېيتىشنى خالىمىغان بۇ ئەمەلدار...» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتىگە چۈشىدۇ.

2. 率领 . بۇ سۆزنىڭ «باشلاپ بارماق»، «ئېلىپ بارماق» دېگەن مەنىلىرى بار. مەسىلەن، 率领军队作战 دېگەن جۈملىنى «قوشۇننى جەڭگە باشلاپ بارماق» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن، بەزىدە 率领军队 ئىبارىسىنى «قوشۇنغا باشچىلىق قىلماق»، «قوشۇنغا قوماندانلىق قىلماق» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، 率领军队进攻 دېگەن جۈملىنى «قوشۇننىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا قوماندانلىق قىلماق» دەپ تەرجىمە قىلسا خاتا بولمايدۇ.

گەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا 率领 سۆزىنى «باشلاپ بارماق» ياكى «باشلاپ كەلمەك» دەپ تەرجىمە قىلىش زادىلا باب چۈشمەيدۇ. چۈنكى، ئۆمەك تەركىبىدىكى كىشىلەر ئۆمەك باشلىقىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەمەس. بۇنىڭدا ئەڭ ياخشىسى «باشچىلىق» ياكى «يېتەكچىلىك» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەن مۇۋاپىق. مەسىلەن، « ×××率团访泰新澳目的 » دېگەن قىسقارتىلما سەرلەۋھىنى « ××× باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تايلاند، (ئاخىرى 61 ـ بەتتە)

# بىر ـ ئىككى ئاتالغۇنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

گۈلمىرە ھەبىبۇللا
(شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى مۇدىرىيەت ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى 830044)

1. 二十四小时自动银行: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خۇاگۇڭ يولى بويىغا ئورنىتىلغان بىر ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان بۇ سۆز ئۇيغۇرچىغا «24 سائەت مۇلازىمەتسىز بانكا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خەنزۇچىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچىغۇ؟! خەنزۇچىدا «24 سائەت ئاپتوماتىك مۇلازىمەت قىلىدۇ» دېۋاتسا، ئۇيغۇرچىدا «24 سائەت مۇلازىمەت قىلمايدىغان» دېگىنى نېمىسى؟ مۇلاھىزىنى ئۇزارتمايلى، ئېھتىمال، ئۇيغۇرچىدا «مۇلازىمەتچىسىز» دەپ ئېلىنغان سۆز يازغاندا ئىملا سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن «مۇلازىمەتسىز» بولۇپ قالغاندۇر! مۇشۇنداق سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مېنىڭچە ، 二十四小时自动银行 دېگەننى «24 سائەت مۇلازىمەتچىسىز بانكا» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە «كېچە ـ كۈندۈز ئوچۇق بانكا»، «تاقالمايدىغان بانكا» ياكى «ھەرچاغ قولاي بانكا» دېگەندەك شەكىللەردە ئالساق، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئەگەر، شۇنداق ئاتاپ ئادەتلىنىپ كەتسەك، ئاستا ـ ئاستا «تاقالمايدىغان بانكا» دېسىلا ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئۈسكۈنىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالاتتۇق.

2. 白衣战士 : «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا بېرىلگەن « خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (2 توملۇق) تىكى قىسمەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە ئاپتور 10 نەچچە سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە توختىلىپ، خېلىلا ئەھمىيەتلىك مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، ئاپتور 白衣战士 ئاتالغۇسىغا كەلگەندە، ئۇنى «تېببىي خادىم» دەپ ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. مېنىڭچە، بۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ ئاتالغۇنى يەنىلا ئادەتلەنگىنىمىز بويىچە «ئاق خالاتلىق جەڭچى» دېسەك خاتا بولمايدۇ. چۈنكى، خەنزۇچىدىمۇ ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق دوختۇرنى 白衣战士 دەپ ئاتىمايدۇ، بەلكى ئالاھىدە جىددىي شارائىتتا (جەڭ تۈسىنى ئالغان) جىددىي قۇتقۇزۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دوختۇرلارلا 白衣战士 دەپ سۈپەتلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ ئۇنى «ئاق خالاتلىق جەڭچى» دېسە بولىدۇ. يەنە كېلىپ كۆپلىرىمىز مۇشۇنداق ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

كەسپداشلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 60 ـ بەتتە) سىنگاپور، ئاۋستىرالىيىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن مەقسىتى» دەپ تەرجىمە قىلسا ئەڭ مۇۋاپىق.

3. 继续 . بۇ سۆز تولاراق پېئىل بولۇپ كېلىپ، «داۋام قىلماق»، «داۋاملاشتۇرماق» مەنىسىدە كېلىدۇ، رەۋىش بولۇپ كەلگەندە «داۋاملىق» سۆزىنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۈملىنىڭ كېلىشىگە قاراپ، «ئۈزلۈكسىز»، «ئىزچىل»، «ئۇدا» سۆزلىرى ئىشلىتىلىشىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ھەممە يەردە «داۋاملىق» دېگەن بىرلا سۆز قوللىنىلسا، ئۇيغۇر تىلى ئادىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. مەسىلەن، بىر ھەپتە داۋام قىلىدىغان مەجلىس يەكشەنبە كۈنى توختاپ، دۈشەنبە كۈنى داۋاملاشتۇرۇلسا 继续开会 ئىبارىسى يەنىلا «داۋاملىق مەجلىس ئاچتى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، مەنتىققە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى، «مەجلىس داۋاملاشتۇرۇلدى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان دۇرۇسراق بولىدۇ. 继续努力 نى «ئىزچىل تىرىشماق» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

تەرجىمىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش قانۇنىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، تەرجىمان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش بىلەن بىللە ئۇنى ئۇنۇملۇك ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تاللىغان سۆزلەر ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك چىقىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا كۈلكىلىك نەتىجىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

2003 - يىل 3 - سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation (Uighur)

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 - سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 (General No. 146)

# ئالىي كەسپىي مائارىپىدىكى ئاغزاكى تەرجىمە ئوقۇتۇشى توغرىسىدا

مېھراي ئىسھاق

(شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تەرجىمە ئوقۇتۇشىدا، ئاغزاكى تەرجىمە جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قىسقىچە بايان قىلىنىش بىلەن بىللە ئەمەلىي تەرجىمە ئوقۇتۇشىدا قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاغزاكى تەرجىمە ئىقتىدارىنى ياخشى يېتىلدۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئائىت مەزمۇنلار قىسقىچە چۈشەندۈرۈلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئاغزاكى تەرجىمە؛ كۆرۈلگەن مەسىلىلەر؛ ھەل قىلىش تەدبىرلىرى.

ئاغزاكى تەرجىمە ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە، خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە كەسپىي تەرجىمانلىق ئوقۇتۇشىدا تېخى ئومۇملاشمىغان يېڭى بىر ئىلىم. بىرقانچە يىللىق ئوقۇش - ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ھازىرقى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە تەسىس قىلىنغان كەسپىي تەرجىمانلىق سىنىپلىرىغا پەقەت يېزىقچە تەرجىمىگە ئائىت كەسپىي دەرسلەر ئۆتۈلۈپ، ئاغزاكى تەرجىمە ئىلمىگە دائىر دەرسلەر تا ھازىرغىچە مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ كىرگۈزۈلمىدى. مېنىڭچە، ئاغزاكى تەرجىمە ئىلمىنىمۇ تەرجىمە ئوقۇشلۇقىغا كىرگۈزسەك تەربىيىلىنىپ چىققان تەرجىمانلار مەيلى يېزىقچە ۋە ياكى ئاغزاكى تەرجىمىدە بولسۇن، ئېھتىياجغا ئاساسەن، قانداق تەرجىمىگە توغرا كەلسە، شۇنداق تەرجىمىنى ئېلىپ بارالايدىغان تەرجىمان بولۇپ چىقالايدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى ئالغاندا، تەرجىمە پائالىيىتى پەقەت ئورگانلاردا ئېلىپ بېرىلىپلا قالماي، بەلكى ئاساسىي قاتلاملاردىكى ھۆكۈمەت، مەمۇرىي ئورۇنلار، ھەرقايسى شەھەر، يېزا - كەنت، مەھەللە كومىتېتلىرى بىلەن ئاھالىلەر كومىتېتلىرى قاتارلىق جايلاردا يەنىلا يېزىقچە تەرجىمە بىلەن ئاغزاكى تەرجىمە تەڭ ئېلىپ بېرىلماقتا. دېمەك، جەمئىيەت يېزىق تەرجىمە بىلەن ئاغزاكى تەرجىمە جەھەتتە تەڭ تەربىيىلەنگەن تەرجىمانلارغا موھتاج. بىراق، ئاغزاكى تەرجىمە ئىلمىگە ئائىت دەرسلىك مەكتەپلەردە تېخى رەسمىي ئوقۇشلۇق قىلىپ تۈزۈلمىدى.

مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئالىي كەسپىي مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. مەكتىپىمىزدە تەسىس قىلىنغان تەرجىمانلىق كەسپىي ئاساسىي قاتلامدىكى ھۆكۈمەت، مەمۇرىي ئورۇنلار ئۈچۈن تەرجىمانلارنى تەربىيىلەپ بېرىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا «ئەمەلىي قوللىنىدىغان خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئۆزئارا تەرجىمە» دېگەن ئىبارەت كەسپىي دەرسلىكنى ئۆتۈش جەريانىدا ئالىي كەسپىي تەرجىمانلىق سىنىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا مۇئەييەن ۋاقىت ئاغزاكى تەرجىمە ئىلمىگە دائىر دەرس تەسىس قىلىشنىڭ ۋە ئاغزاكى تەرجىمە مەشقى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى مەيلى خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا ياكى ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن، يېزىقچە تەرجىمىدە بىرقەدەر راۋان بولغان تەرجىمىلەرنى قىلالىغان بىلەن ئاغزاكى تەرجىمىنى (نوتۇق تەرجىمىسىنى) ئاسان ئېلىپ بارالمايدۇ. بۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى تەرجىمە مەشقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ھەتتا خېلى ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ ئاغزاكى تەرجىمىدە ئاغزىنى ئاچالمايلا قالىدۇ.

ئاغزاكى تەرجىمىمۇ يېزىق تەرجىمىسىگە ئوخشاشلا رېئال تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان تەرجىمە شەكىللىرىنىڭ بىرى. شۇڭا، تەرجىمە كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئاغزاكى تەرجىمىگە دائىر ئەمەلىي بىلىملەر بىلەن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇش

ئوقۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئاغزاكى تەرجىمە — بىر تىلدىكى ئوي- پىكىرنى ئىككىنچى بىر تىلدا ئۆز ۋاقتىدا، توغرا، راۋان، جانلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر.

ئاغزاكى تەرجىمە ماكان- زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، يازما تەرجىمىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. پەيتنى چىڭ تۇتۇپ تەرجىمە قىلىش (پەيتنى چىڭ تۇتۇش).

ئاغزاكى تەرجىمىدە ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىم، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. تەرجىمە سۈرئىتى تېز بولۇش كېرەك. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەسلىدىكى تىلنىڭ مەزمۇنىنى توغرا، راۋان ئىپادىلەپ چىقىش ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

2. مۇستەقىل تەرجىمە قىلىش.

ئاغزاكى تەرجىمە — تەرجىمە جەريانىدا ھېچقانداق تەرجىمە ماتېرىيالىدىن پايدىلانمىغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەرجىمىدۇر. بۇنداق تەرجىمە تەرجىماندىن سۆزلىگەن مەزمۇننى بىر قېتىم ئاڭلاش ھەم نەق مەيداندا قوبۇل قىلغان تىل ئۇچۇرىنى توغرا ھالدا ئىككىنچى بىر تىلغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قالسا ياكى چۈشۈرۈپ قويۇلسا، تولۇقلاش پۇرسىتى بولمايدۇ.

3. سۆزلىگۈچىگە بويسۇنۇش (بويسۇنۇپ تەرجىمە قىلىش).

ئاغزاكى تەرجىمىدە تەرجىمان كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بىر ئورۇندا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا تەرجىمە پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت —سۆزلىگۈچىلەر بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا خىزمەت قىلىشتۇر. ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ مەزمۇنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ھېسسىيات تۈسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ، ناتىقلار شېئىرىي تۈستىكى بىرەر ئېغىز ماقال - تەمسىل ياكى ئادەت سۆزلىرىنى قىلغاندا تەرجىمان ئاسانلا ئاڭقىرالماي، بەزىدە ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق شارائىتتا تەرجىمان سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنى سۆزلەش ئادىتى بىلەن ھېسسىيات تۈسىگە ئەمەل قىلىپ، چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەرگە نىسبەتەن كۆپ كۈچ چىقىرىپ، ئويلىنىپ تەرجىمە قىلىشى كېرەك.

4. تەرجىمە ئۇنۇملۇك بولۇش.

ئاغزاكى تەرجىمە پائالىيىتى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى نەق مەيداندا بولغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل تەرجىمىدە توغرا، راۋان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. تەرجىمىدە خاتالىق كۆرۈلسە بۇ نەق مەيداندا سېزىلگەن خاتالىق بولىدۇ. بۇ خىل خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

## 2. ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى

ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇش ئۆلچىمىنى ئىككىلا سۆزگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ. يەنى، سادىق بولۇش، ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. «سادىق بولۇش» ئىككىنچى تىلغا تەرجىمە قىلغاندا ئەسلىي تىلدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىلەن ھېسسىيات تۈسىگە سادىق بولۇش دېگەنلىكتۇر. «ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈش» ئەسلىي مەزمۇننى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

## 3. ئاغزاكى تەرجىمىدىكى ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش

ئاغزاكى تەرجىمىدە تەرجىمان «سادىق بولۇش، ۋاقتىدا يەتكۈزۈش»تىن ئىبارەت ئىككى ئۆلچەم ئاساسىدا ئاغزاكى تەرجىمە ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۆلچەمگە ئاساسەن، ئاغزاكى تەرجىمە ماھارىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. لوگىكىلىق رەتلەش بىلەن ئەسلەش.

لوگىكىلىق رەتلەش ۋە ئەسلەش تەرجىماننىڭ تەپەككۇرى سۆزلىگەن ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بىلەن بىردەك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، تەرجىمە قىلغۇچى سۆزلىگۈچىنىڭ تەپەككۇرىغا ئەگىشىپ، سۆزلىگۈچى سۆزلىگەن بارلىق مەزمۇننى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى چۈشىنىپ، زۆرۈر بولغان لوگىكىلىق رەتلەش ئېلىپ بېرىش، كېيىن «ۋاقىتلىق خاتىرە قالدۇرۇش»تىن ئىبارەت.

2. ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىشتىكى بايان قىلىش ئىقتىدارى.

بۇ تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئاڭلاش ئارقىلىق سۆزلىگۈچى سۆزلىگەن مەزمۇنغا نىسبەتەن لوگىكىلىق رەتلەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلغاندا، ۋاقىتلىق خاتىرىسىدىكى ئۇچۇرنى سۆزلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاغزاكى تەرجىمە بولسا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ھېچقانداق قوشۇمچە تەرجىمە ۋاسىتىسىگە تايانماي تۇرۇپ، «ۋاقىتلىق خاتىرىسى»دىكى تىل ماتېرىيالىغا ئاساسەن قايتا ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. تەرجىماننىڭ ئەسلىي مەزمۇننى ئىككىنچى بىر

تىلدا ئىپادىلەپ بېرىشتىكى ئىقتىدارى بولسا، تەر. .ـ مان يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىقتىداردۇر.

3. تەرجىمىدىن بۇرۇنقى قابىلىيەت.

ئاغزاكى تەرجىمىدە تەرجىمان ئىككى تىلغا پۇختا بولغاندىن سىرت، تەرجىمىدىن ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى تەييارلىقنىڭ بولۇشىمۇ تەرجىمانغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. ۋاقىتلىق تەرجىمىدىن ئىلگىرىكى تەييارلىق پائالىيىتى، ئاساسلىقى ئاغزاكى تەرجىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا ئاساسەن، كونكرېت تىل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىم، ئاساسىي بىلىم ۋە كەسپىي ئاتالغۇلارنى توغرا تەرجىمە قىلالايدىغان دەرىجىدە پۇختا ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىماننىڭ خىزمىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تولۇق بولۇشى ئاغزاكى تەرجىمىنى ياخشى تاماملاشتىكى يەنە بىر زۆرۈر شەرتتۇر.

**4. ئاغزاكى تەرجىمە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مەشىق ئۇسۇللىرى**

1. ئەستە ساقلاش مەشىقى.

نەق مەيدان ئاغزاكى تەرجىمە ئىقتىدارى مەشىقىدە، مۇھىم قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاغزاكى تەرجىمىدىكى ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەشىق شەكلىدە تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1) ئەسلىي نۇتۇقنى قايتا بايان قىلىش مەشىقى. ئەسلىي نۇتۇقنى قايتا بايان قىلىش مەشىقىدە بولسا، تەرجىمىدىن ئاۋۋال مەزمۇننى ياخشى كۆچۈرۈۋېلىپ ياكى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا قويۇپ بېرىش، ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن ئاڭلاش جەريانىدا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئاڭلاش، ئەستە ساقلاش، مۇھىم نۇقتىلارنى ئەستە قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن ئەسلىي تىلدا سۆزلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىمۇ هازىرلا ئۆزى سۆزلىگەن بىر بۆلۈك سۆزنى تولۇق، توغرا قىلىپ قايتا بايان قىلالىشى ناتايىن. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل مەشىق تەرجىمانلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچىنى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئۇيغۇرچىدىن تۆۋەن. شۇڭا، خەنزۇچە سۆزلەش مەشىقىنى كۆپ ئىشلەش كېرەك.

2) ئىككىنچى بىر تىلدا سۆزلەش مەشىقى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ۋاقىتلىق ئەسلىي تىلنى سۆزلەش مەشىقى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىنچى تىل ئارقىلىق تەرجىمە قىلىشنى ئۆيلىغاندا قوللىنىدىغان مەشىق ئۇسۇلى. ئىشلەش ئۇسۇلى ئەسلىي تىلنى سۆزلەش مەشىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىنچى تىل ئارقىلىق ئەسلىي تىلدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى بايان قىلىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى ئاغزاكى تەرجىمە خىزمىتىدە خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش مەشىقىنى كۆپ ئىشلىتىش كېرەك.

3) لوگىكىلىق رەتلەش مەشىقى. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارغا بىر قىسىم مەزمۇنى باغلاشمىغان ياكى تەرتىپى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن جۈملىلەر بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇنى سۆزلىرى باغلاشقان، مەركىزىي ئىدىيىسى توغرا بولغان ئابزاس قىلىپ رەتلەپ چىقىش تەلەپ قىلىنىشى كېرەك. مەشىق قىلغاندا يېزىپ مەشىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار لوگىكىلىق رەتلەش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا نەق مەيداندا ئېغىزچە تەرجىمە قىلىشقا ماھىر بولىدۇ.

2. ئاغزاكى تەرجىمىدە خاتىرە قالدۇرۇش.

سەھنىدىكى ئاغزاكى تەرجىمىدە، خاتىرىلەش ئەستە ساقلاشنىڭ يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلايدىغان بىر خىل ئۇسۇل، شۇنداقلا تەرجىمان هازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىر خىل مۇھىم ئىقتىداردۇر. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئاغزاكى تەرجىمىدىكى خاتىرە قالدۇرۇشنىڭ يېزىق خاتىرىسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئاغزاكى تەرجىمە ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئاسان تۇتقىلى بولمايدىغان مەزمۇننى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. خاتىرە قالدۇرۇش تەرجىمان ئۈچۈن قولايلىق بولۇپ، ئوخشىمىغان تەرجىمانلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرجىمە ئۇسۇلى بولىدۇ، بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىش هاجەتسىز، ئۆزى چۈشەنسىلا بولىدۇ. ئاساسىي پرىنسىپى تۆۋەندىكىچە:

1) خاتىرىلىگەندە باشتىن ـ ئاخىر ھەممىنى خاتىرىلەش هاجەتسىز، بەلكى بىر قىسىم ئەستە قالدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنىلا خاتىرىلىسە بولىدۇ؛

2) خاتىرىلىگەن تەرجىمە تېكىستى ئەڭ ياخشى تەرجىمە تىلىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. يىغىنچاقلاپ بايان قىلغاندا، قايتا بايان قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛

3) تەرجىمان ئادەتتە بىر يۈرۈش خاتىرىلەش بەلگىسى ۋە قىسقارتىلغان سۆز سىستېمىسىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. تۆۋەندە دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىرنەچچە خىل خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

①سانىنى، ۋاقىتنى خاتىرىلەش. خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىكى سانلاردا ناھايىتى چوڭ پەرق بار، يەنە

كېلىپ سان ۋە ۋاقىت توغرا ئەستە قالدۇرۇش قىيىن بولغان نۇقتىدۇر. خاتىرىلىگەندىمۇ ۋاقىت ئاسانلا خاتا خاتىرىلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، خاتىرە يازغاندا دىققەت قىلىش كېرەك.

②مەخسۇس ئىسىملار، يەر ناملىرى ۋە ئادەم ئىسىملىرىنىڭ پۈتۈن جۈملە بىلەن لوگىكىلىق ئىچكى باغلىنىشى يوق. تەرجىمان ئاڭلاپ خاتىرىلىگەندە شەيئى، يەر ناملىرى قاتارلىقلارغا سەل قارىسا قەتئىي بولمايدۇ. بولۇپمۇ، ئاغزاكى تەرجىمە مەشىقىدە ئوقۇغۇچىلاردا خاس ئىسىملارنى، يەنى كىشى ئىسىملىرىنى، يەر- جاي ناملىرىنى خاتىرىلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

③خەت ئاز، قۇر كۆپ بولۇش، ھەربىر قۇر ئىمكانقەدەر قىسقا بولۇش، بىرنەچچە ھەرپلەر بىلەن بىر تولۇق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش كېرەك. بىر ئوي - پىكىر بىر قۇرغا خاتىرىلەنسە بىر قاراپلا چۈشىنىشكە، شۇنداقلا مەزمۇننى ئىپادىلىگەن ۋاقىتتا سۆز تەرتىپىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى تەڭشەشكىمۇ قولايلىق بولۇپ، بوش قالغان يەرلەرگە يەنە تولۇقلاپ خاتىرىلىگىلى بولىدۇ.

④باش - ئاخىرىنى چىڭ تۇتۇش، باغلاشتۇرۇپ خاتىرىلەش. بەزىدە سۆزلىگۈچى «مەن ئاددىيلا قىلىپ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەيمەن» دەيدۇ - دە، ئارقىدىنلا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى باغلاشتۇرىدىغان تەرتىپلەرنى ياخشى خاتىرىلەش كېرەك. مەسىلەن، بىراق، شۇڭلاشقا، بىرىنچى، ئىككىنچى... دېگەندەك. بىز ئاغزاكى تەرجىمە مەشىقىدە دائىم سۆزلىگۈچى سەككىز مەسىلىنى سۆزلىسە، تەرجىمان ئۈچ - تۆت مەسىلىنى تەرجىمە قىلىدىغان ئىشلارغا ئۇچرايمىز. بىر بۆلۈك سۆز سەل ئۇزراپ كەتكەندە ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر جۈملە سۆزنى قىسقىچە خاتىرىلەپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر، ئاغزاكى تەرجىمە تۈگىگەنگە قەدەر ساقلىساق، جۈملە ئاخىرىنى ئەسلىيەلمەي چۈشۈرۈپ تەرجىمە قىلىپ، بېشى بار ئاخىرى يوق، مەزمۇنى مۇكەممەل بولمىغان تەرجىمە شەكىللىنىپ قالىدۇ.

⑤ئىككى قەلەم تەييارلاش، مۇۋاپىق قەغەز ئىشلىتىش. ئىككى قەلەم تەييارلىغاندا بىر قەلەمدە خەت يازالمىغاندا پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

3. مەيداندىكى ئويلىمىغان ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىش.

سەھنىدە ئاغزاكى تەرجىمە قىلغاندا پەرەز قىلىش قىيىن بولغان ھەر خىل مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئوقۇتقۇچى مەشىق جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا سالماقلىق بىلەن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

1) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزنى تەكرارلىشى.

سۆزنى تەكرارلاشنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ جىددىيلىشىشتىن ياكى ئادەتلىنىپ قېلىشتىن بولىدۇ ياكى بولمىسا تەكرارلىغان ئارىلىقتىن پايدىلىنىپ سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى ئويلاش ياكى كۆچەيتىش ئۈچۈندۇر. تەرجىماننىڭ زورمۇزور تەكرارلىشى ھاجەتسىز. ئايرىم سۆزلەرنىلا ئىشلىتىپ مۇھىم نۇقتىنى پۈتۈن جۈملىگە ياكى پۈتۈن بۆلەكنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە يىغىنچاقلاپ، مۇۋاپىق ھالدا قايتىدىن جۈملە ھاسىل قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلسا بولىدۇ.

2) سۆزلىگۈچى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغاندا ياكى ئادەتتە ئاز ئىشلىتىلىدىغان ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلەتكەندە ئاساسىي مەزمۇننى تەرجىمە قىلسا ياكى ئاۋۋال ئۆزۈپ تەرجىمە قىلىپ، كېيىن تولۇقلاپ چۈشەندۈرسىمۇ بولىدۇ.

3) سۆزلىگۈچىنىڭ سۈرئىتى تېز بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە تەرجىمان سۆزلىگۈچىگە ئاستا سۆزلەش تەلىپىنى قويسا بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ خاتىرە قالدۇرالمايدىغانلىقىنى، ياخشى تەرجىمە قىلىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرسە بولىدۇ. ئەگەر، سۆزلىگۈچى بىردەم سۆزلىگەندىن كېيىن، «كونا كېسىلى» قوزغىلىپ قالسا، تەرجىمە قىلغۇچى ئاغزاكى تەرجىمە قىلغاندا ئاساسىي مەزمۇننىلا تەرجىمە قىلسا بولىدۇ.

4) خاتا تەرجىمىلەرنى تۈزىتىش. ئاغزاكى تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمان ئۆزىنىڭ خاتا تەرجىمە قىلغانلىقىنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن كىچىك خاتالىق بولسا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر يەتمەيدۇ، تۈزىتىش ھاجەتسىز. چوڭ خاتالىق بولسا، دەرھال تۈزىتىپ ئېنىق ھالدا «بايا خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قاپتۇ، ئەسلىي مۇنداق تەرجىمە قىلىناتتى» دەپ چۈشەندۈرسە بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئابرۇيىنى دەپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


[1]«تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە)، 1993 - 4.

[2]«ئىنگلىزچە - خەنزۇچە ئاغزاكى تەرجىمە ئوقۇشلۇقى»، فۇجيەن: فۇجيەن خەلق نەشرىياتى، 1996.

2003 ـ يىل 3 ـ سان
2003 年第 3 期
No. 3, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation ( Uighur )

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 146 ـ سان)
第 22 卷（总第 146 期）
Volume 22 ( General No. 146 )

# خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت ئامىلىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ

قەيسەر ئەخمەت ، مۇكەررەم نىياز

(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تىل بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830052)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا ئۇچراتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، تىل ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت ئامىلىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى بىرقانچە تەرەپلەردىن سېلىشتۇرۇلۇپ قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى؛ مەدەنىيەت پەرقى؛ سېلىشتۇرۇش.

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا خېلى ئوبدان ئىگىلىۋالغان سۆزلەرنى ئەمەلىي ئالاقىلىشىش جەريانىدا توغرا ياكى جايىدا ئىشلىتەلمەي باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغانلىقىنى ياكى ئاز ـ تولا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ سەۋەبى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي سەۋەبلىرىنىڭ بىرى — شىنجاڭنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا سۆزمۇسۆز ئوقۇتۇشتەك ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدىن تولۇق قۇتۇلالمىغانلىقىدىن، تىل ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى خەنزۇ تىلى دەرسلىكىگە كىرگۈزۈشنىڭ دىگەندەك يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىندۇر.

مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا بولغان خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇ تىلىدا بىۋاستە ئاڭلىيالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، يازالايدىغان، ئوقۇيالايدىغان قىلىش، يەنى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، تىل ئۆگىنىش بىر خىل مەدەنىيەت ھالقىيدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئۇ تىل مەسىلىسىلا بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەت مەسىلىسىدۇر. چۈنكى، تىل بىلەن مەدەنىيەت بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە مەدەنىيەت ئامىلىنى تىل ئوقۇتۇشىغا كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تىل ئالاقىسىنىڭ كونكرېت تېمىسى، مەزمۇنى، تىل مۇھىتى قاتارلىق ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ جانلىق لايىھىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاددىي مىسال ئالساق، خەنزۇ تىلى دەرسىدە نەتىجىسى خېلى ياخشى بىر ئوقۇغۇچى تەنەپپۇستا مۇئەللىم بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، مۇئەللىمدىن 老师，您今年几岁了 دەپ سورىغان. بۇنداق سوئال يېشى چوڭ خەنزۇلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، خەنزۇلارنىڭ تىل ئادىتىدە ياش چەكلىمىسى بويىچە سوئال قويۇلىدۇ، سوئال قويغاندا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە ئون ياشتىن تۆۋەن باللارغا 几岁 ، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارغا 多大 ، ياشانغانلارغا 多大年龄，高寿 ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتىدە بۇ جەھەتتە روشەن پەرق بولمىغاچقا، بۇ ئوقۇغۇچى تىل ئالاقە جەريانىدا مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلغان. بۇ خىل ئەھۋاللار خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا تايىنىپلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا، قۇرۇلمىغا تايىنىپلا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، شۇ تىلغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئوقۇتۇشقا كىرگۈزۈش كېرەك. بۇ يەردە

تىلغا ئېلىنىۋاتقان «مەدەنىيەت»، مەدەنىيەت دەرسلىكىدىكى «مەدەنىيەت» بىلەن ئوخشاش ئەمەس. تىل دەرسلىكىدىكى «مەدەنىيەت» شۇ تىلدا ئالاقە ئېلىپ بېرىشتا زۆرۈر بولغان مەدەنىيەت ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىسى بار: بىرىنچىسى، تىل قۇرۇلمىسىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىغا چۈشەنچە بېرىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تىلنى توغرا ئىشلىتىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالاقە تەييارلىقىنى قىلىپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تىلنى ئىشلىتىشتىكى مەدەنىيەت قائىدىلىرىگە چۈشەنچە بېرىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگەنمەكچى بولغان تىلنى توغرا چۈشىنىشى ۋە شۇ تىلدا ئالاقە ئېلىپ بېرىشىدا زۆرۈر بولغان ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار تىل دەرسىدە، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلار كىچىكىدىنلا ئانا تىلدا ئوقۇپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن، نۇرغۇن ئۇقۇملارنى ئانا تىلدا چۈشىنىپ، شۇ ئانا تىلدا تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئالاقىلىشىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ياشلار. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشى ئانا تىلىنىڭ ياردىمىسىز ئىشقا ئېشىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنى قانداق يېتەكلەشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھامان ئىككىنچى تىلنى ئانا تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئاملى جەھەتتىكى چۈشەنچىسىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. شۇڭا، بەزى ئۇقۇملارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئانا تىل مەدەنىيىتى بىلەن ئۆگەنمەكچى بولغان تىل ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈش كېرەك.

بىرىنچىدە، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل جەھەتتىكى مەدەنىيەت پەرقىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

1. تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە سالاملىشىش سۆزلىرى ئارقىلىق خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پەرقىنى سېلىشتۇرۇش.

1) تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى ئەنئەنە جەھەتتىن ئاتا ـ ئانىنى مەركەز قىلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئاتاشتا، ئاتا ـ ئانىنىڭ دادىسى (ئاتىسى) ياكى ئانىسى (ئاپىسى)نى «چوڭ دادا (چوڭ ئاتا)، چوڭ ئانا (چوڭ ئاپا)، بوۋا، موما» دەپ ئاتايدۇ؛ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاكا ـ ئىنىسىنى «تاغا، ئاكا» (شىمال تەرەپلەردە «چوڭ ئاتا، كىچىك ئاتا» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار) دەپ ئاتايدۇ؛ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭلىسىنى «ھاماچا، ھامما، ئاچا» (شىمال تەرەپلەردە «چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار) دەپ ئاتايدۇ؛ ئۆزىدىن كىچىكلەرنى بىردەك «ئۇكام، ئىنىم، سىڭلىم» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، خەنزۇلارنىڭ تىل ئادىتىدە بۇ ناھايىتى ئېنىق ئايرىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ مۇقىم ئاتالغۇسى بولىدۇ، قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، خەنزۇلار دادىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى 爷爷، 奶奶 ئاكا ـ ئىنىسىنى 伯伯 ، 叔叔، ئاچا ـ سىڭلىسىنى 姑妈، 姑姑 دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاتاشتا ئالدىغا بىردەك 堂نى قوشۇپ ئاتايدۇ، يەنى 堂妹، 堂弟، 堂姐، 堂兄 دېگەندەك. ئانا تەرەپ تۇغقانلارنى ئاتاشتا، ئانىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى 外婆 ، 外公، 姥姥، 姥爷 دەپ، ئانىسىنىڭ ئاكا ـ ئىنىسىنى 舅舅 دەپ، ئاچا ـ سىڭلىسىنى 姨姨، 姨妈 دەپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى 表妹، 表弟، 表姐، 表兄 دەپ ئاتايدۇ. مۇشۇنداق ئاتىغاندا تۇغقانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ مېنىڭ نەۋرە سىڭلىم» دېگەننى، ئۇيغۇرلار ئانا تەرەپ ياكى دادا تەرەپ نەۋرە سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىمىسا، ئۇقۇم ئېنىق بولمايدۇ. لېكىن، خەنزۇلار «她是我的表妹» دەپ ئانا تەرەپ نەۋرە سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى، «她是我的堂妹» دەپ دادا تەرەپ نەۋرە سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا مۇشۇ خىل ئەھۋاللارنى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش ناھايىتى زۆرۈر.

2) سالاملىشىش سۆزلىرى.

ئۇيغۇرلار كۆرۈشكەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ئەھۋالىڭىز قانداق؟»، «تىنچلىقمۇ؟» دەپ ئەھۋال سورىشىدۇ. خەنزۇلار كۆرۈشكەندە 你好? ، 你吃了吗? ، 你到哪儿去? ، 你从哪儿来? دەيدۇ، بۇ پەقەت سالاملىشىشلا بولۇپ، ئېنىق جاۋاب بېرىش ھاجەتسىز. مىللىي ئوقۇغۇچىلار بۇنداق ئەھۋالنى تازا چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىمۇ دەرسكە ماسلاشتۇرۇپ

سۆزلەش كېرەك.

2. لېكسىكا جەھەتتىن خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پەرقىنى سېلىشتۇرۇش.

تىل ــــ تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكمىسى، تىلنىڭ لېكسىكىلىق سىستېمىسىغا مەدەنىيەت ئۇچۇرى يۈكلەنگەن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقى دەل شۇ مىللەت تىلىنىڭ سۆز مەنىسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ئوخشىمىغان مىللەت تىلىدا ئىپادىلەيدىغان مەنىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «قارا» سۆزىنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆز «قارا رەڭ» مەنىسىدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا يەنە «ئۇلۇغ، زور، قۇدرەتلىك، چىرايلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، قاراقۇرۇم ( 高大巨石)، قاراشەھەر ( 圣城 )، قاراتاغ ( 大山 )، قاراقۇم ( 大沙漠 )، قاراكۆز ( 黑眼睛 )، قاراقاش( 黑眉毛 ) قاتارلىق سۆزلەردە يۇقىرىقى مەنە بار. لېكىن، خەنزۇلاردا ئۇنداق ئەمەس، پەقەت «قارا (رەڭ)، قارىدىماق (چىرايى)، قارا نوپۇس، قاراڭغۇ (بازار)» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئوڭ» سۆزىنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتىدە ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك ( 走运 )، ئوڭ ئادەم ( 通情达理的人 )، ئوڭ كۆزىدە قارىماق( 正眼相看 )، ئىشى ئوڭغا تارتماق ( 事情顺利 ) دېگەنلەردەك. كىيىم كىيگەندە ئاۋۋال ئوڭ تەرەپنى كىيىش، بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا ئاۋۋال ئوڭ پۇتىنى ئېلىش، مېھمانغا ئوڭ قولىدا چاي تۇتۇش قاتارلىق قائىدىلىرىمىزدىمۇ يۇقىرىقى مەنە بار. لېكىن، خەنزۇلاردا ئۇنداق ئەمەس. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان ئوخشىماسلىقلاردۇر.

3. ئەدەبىي تەرجىمىدىن خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پەرقىنى سېلىشتۇرۇش.

ئەدەبىيات ــــ تىل سەنئىتىدۇر. ئەدەبىي تەرجىمە بولسا بىر خىل يېزىقتىكى ئەدەبىياتنى يەنە بىر خىل يېزىقتىكى ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقى ئەدەبىي تەرجىمىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. مۇبادا، تەرجىماننىڭ ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىل مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن چۈشەنچىسى يېتەرلىك بولمىسا، ئۇ ھالدا كىتابخانلاردا چوقۇم خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆزنى خەنزۇچىغا ئۇدۇللا تەرجىمە قىلغاندا، مۇنداق تۆت خىل تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

自掘坟墓، 自食其果، 自法自毙، 咎由自取 ·

لېكىن، ئەسلىي ئەسەرنى پىششىق بىلمەي ئۇدۇللا تەرجىمە قىلغاندا، تەرجىمە ئەسىرىنىڭ ئەسلىي ئەسەردەك تەسىرلىك چىقىشىغا نۇقسان يېتىدۇ. يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە، ئەگەر سۆزلىگۈچى ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزىدا ئېيتقان بولسا 自法自毙، 自掘坟墓 نى، سادىر بولغان يامان ئاقىۋەتنى ئەسلىگەن ياكى ئۇنىڭغا باھا بەرگەن بولسا 自食其果، 咎由自取 نى ئىشلەتكەن تۈزۈك.

قىسقىسى، تىل ئوقۇتۇشتا تىل ئالاقىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئامىلىنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك. ئەمما، تىل دەرسىنى مەدەنىيەت دەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ، تىل ئوقۇتۇشنى ئاساس، مەدەنىيەت ئوقۇتۇشنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا، ئىككىسىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگەن ياخشى. نۆۋەتتە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا، قانداق قىلغاندا مەدەنىيەت ئوقۇتۇشنى تىل ئوقۇتۇشى بىلەن سىستېمىلىق بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ ، قانداق قىلغاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئالاقە ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر بارلىق خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولۇپ قالدى. گەرچە، مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن دەرسلىك ماتېرىياللار بارلىققا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن دېگەندەك ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ، مۇشۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1996 ـ 4 .

[2] «تىل ۋە تەرجىمە» (ئۇيغۇرچە)، 1987 ـ 9.

[3] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1997 ـ 2.

# خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆز تەرتىپلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا

**رابىيە ئابدۇرېھىم**

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەرتىپى خالىغانچە تىزىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بەلگىلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ چەكلىمىسىگە (تەسىرىگە) ئۇچرايدىغانلىقى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەنزۇ تىلى؛ تەڭداش بىرىككەن سۆز؛ مەدەنىيەت.

خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆزلەر مەنىسى يېقىن، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ياكى قارىمۇقارشى بولغان ئىككى مورفېمىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، ئۇلار قۇرۇلما مۇناسىۋىتى جەھەتتە تەڭداش بولىدۇ، ئاساسلىق ياكى قوشۇمچە قىسىم دەپ ئايرىلمايدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆزلەرنى چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى زامانلاردىلا شەكىللەنگەن ۋە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئاز بىر قىسمى يېقىنقى ياكى ھازىرقى زاماندا شەكىللەنگەن. تەڭداش بىرىككەن سۆزلەرنى سېمانتىكا جەھەتتىن تەھلىل قىلساق، ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلىرىنىڭ سېمانتىكىلىق قىممىتىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭا، تەڭداش بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىككى مورفېمىسىنىڭ قايسىسى ئالدىدا، قايسىسى كەينىدە كېلىدىغانلىقى ھەرگىزمۇ خالىغانچە بولمايدۇ. ئۇ بەلگىلىك دەرىجىدە خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆزلەردىكى مورفېملارنىڭ تەرتىپى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل شەكىلدە تۈزۈلىدۇ.

## 1. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ ھۆرمەتلەشتىن تۆۋەن كۆرۈشكە قاراپ تىزىلىش شەكلى

نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى قۇللۇق ۋە فېئوداللىق تۈزۈمدىكى كونا جەمئىيەتتە دەرىجە قارىشى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قارىشى شۇ چاغدىكى كۇڭزى تەلىماتىنىڭ تەسىرىدە تىكلەنگەن. كۇڭزى تەلىماتى فېئوداللىزمنىڭ سىياسىي تەرتىپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئەنئەنىۋى نەزەرىيە قارىشىنىڭ مۇقىم شەكىللىنىشىگىمۇ ئاساسىي سەۋەب بولغان. مەسىلەن، 君君, 臣臣، 父父, 子子 قاتارلىق تەبىقە، نام ـ مەۋقە قارىشىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا تەبىقە پەرقى ۋە ئورنىنى بەلگىلىگەن. ئوخشىمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە كىشىلەر دائىم ھەر خىل يازما ياكى ئاغزاكى بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. مۇشۇنداق فېئوداللىق سىياسىي تەرتىپنىڭ ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەدىمكىلەر ھەر خىل سىرتقى شەكىل ئارقىلىق «ھۆرمەتلەش» ۋە «تۆۋەن كۆرۈش» قارىشىنى پەرقلەندۈرگەن. يەنى كىيىملەرنىڭ رەڭگى، ئورۇننىڭ رەت نومۇرى (تەرتىپى) قاتارلىقلار. بۇ خىل «ھۆرمەتلەش» ۋە «تۆۋەن كۆرۈش»نى پەرقلەندۈرىدىغان كۆزقاراش خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىدىكى «ھۆرمەت» سۆزى ئالدىدا، «تۆۋەن كۆرۈش» سۆزى كەينىدە كېلىدىغان پرىنسىپنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن:

君臣　师徒　师生　将士　父子

جۇڭگو ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتنى بېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ تەسى-

رىدە «ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى پەس كۆرۈش» قارىشى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مۇقىم شەكىللىنىپ قالغان. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئورنى يوق بولۇپ، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر خىل كىچىك ھوقۇقلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان. شۇڭا، خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرمۇ شۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، روشەن بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن:

夫妇, 夫妻, 公婆, 儿女, 男女, 父母

بۇ خىل «ھۆرمەتلەش» ۋە «تۆۋەن كۆرۈش» قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھەتتا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. يېقىندىن پەيدا بولغان سۆزلەرمۇ شۇ قائىدە بويىچە تىزىلىۋاتىدۇ.

**2. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ چوڭدىن - كىچىككە قاراپ تىزىلىش شەكلى**

فېئوداللىق جۇڭگو پاترىئارخال ئائىلىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغانلىقتىن، ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان. ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل مۇناسىۋەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان: بىرى، خان - ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ يەنە بىرى، ئاتا - بالا، قان - قېرىنداش ۋە ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پىسخىكىلىق ئېڭىغا كۇڭزى تەلىماتى تەرغىپ قىلغان «ۋاپادارلىق» ئىدىيىسى سىڭىپ كەتكەن. يەنى «چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە ۋاپادار بولۇش، ھەرقانداق ئىشتا ۋاپادارلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش» قاتارلىقلار مۇھىم ئەنئەنىۋى ئورۇنغا قويۇلغان. «بالىلار ئاتىغا ۋاپادار بولۇش، ئىنى - سىڭىللار ئاكا - ھەدىلەرگە ۋاپادار بولۇش (ھۆرمەت قىلىش)» قاتارلىق ئەدەپ - ئەخلاق قارىشى ئومۇملاشقان. ئۇرۇقداشلار ئارا «ھۆرمەت قىلىش»نىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى چوڭ - كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە ئىپادىلەش تەشەببۇس قىلىنغان. ئاتا بىلەن ئاكا چوڭلار، پەرزەنتلەر كىچىكلەر دەپ ھېسابلانغان. كىشىلەر ئىش - ھەرىكەتلىرى، ھەتتا گەپ - سۆزلىرىدىمۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ۋە ئورنىغا ئاساسەن بۇ مۇھىم ھەرىكەت ئۆلچىمىگە بويسۇنۇشى، ئاتا مېھرىبان، بالا ۋاپادار، ئاكا - ئىنىلەر ئىناق بولۇش تەشەببۇس قىلىنغاچقا، ئاشۇ سۆزلەرنىڭ مورفېمىلىرى چوڭدىن - كىچىككە قاراپ تىزىلىش پرىنسىپىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن:

父子, 母子, 子孙, 母女, 伯仲, 兄弟

**3. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ يېقىندىن - يىراققا قاراپ تىزىلىش شەكلى**

جەمئىيەتتە كىشىلەر كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق بىرلىشىدۇ. ئۇ ئادەتتە قانداشلىق، يۇرتداشلىق ۋە كەسىپداشلىق مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى قانداشلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ تەبىئىي بىرلىشىش ئۇسۇلىدۇر. مەيلى قانداق جەمئىيەت بولسۇن، ھەممىسىدىلا قانداشلىق ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قانداشلىق مۇناسىۋەت فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىقنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. خەنزۇلاردىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئىنچىكە ئايرىلىشى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە تەپسىلىي. خەنزۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى قانداشلىق ۋە نىكاھداشلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق ۋە ئانا تەرەپ ئۇرۇقداشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. ئانىلىق ۋە ئايال تەرەپ ئۇرۇقداشلىقنى بولسا قوشۇمچە ئورۇنغا قويىدۇ. ئائىلىدە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقنى «ئۆز»، ئانا تەرەپ ئۇرۇقداشلىقنى «يات» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا، ئانا تەرەپ ئۇرۇقداشلارنىڭ نامىنىڭ ئالدىغا « 外 » خېتى قوشۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

外公, 外婆, 外孙

شۇڭا، خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئۇرۇقداشلارنى «يېقىن» ۋە «يىراق» دەپ ئايرىش تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئايرىشتىكى مۇھىم تەركىبتۇر. بۇ خىل پاترىئارخاللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان قانداشلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ئادەتلەر تەگداش بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ يېقىندىن - يىراققا قاراپ تىزىلىش پرىنسىپىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن:

父母, 兄嫂, 亲戚, 姑嫂, 嫡庶

**4. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ ياخشىلىقتىن - يامانلىققا قاراپ تىزىلىش شەكلى**

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئەنئەنىشۇناسلىرى تەشەببۇس قىلغان ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قالغان ھەمدە قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەردە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن پاترىئارخاللىق ئەنئەنىسى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى «ياخشىلىق تىلەشنى» مەقسەت

قىلغان «ئېتىكا شەكلى»گە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بۇ خىل ئېتىكىزىملىق ساھەلەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بىر خىل كۈچلۈك بولغان ھېسسىيات قارىشىنى، يەنى بەزى «ياخشى، ئاكتىپ» شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىجابىي ۋە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىدا بولۇش قارىشىنى پەيدا قىلىپ، شۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپلا ھەقىقىي، گۈزەل، ياخشى شەيئىلەرگە چوقۇنىدىغان، «ناچار، بەتبەشىرە» نەرسىلەردىن سەسكىنىدىغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق، مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ خىل ئېتىكىلىق قاراش تەگداش بىرىككەن سۆزلەرنىڭ «ياخشىلىقتىن ـ يامانلىققا» قاراپ تىزىلىش پرىنسىپىنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن:

善恶,功过, 功罪, 胜负,胜败, 利害
生死,好歹,是非,正反,甘苦,成败

**5. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىرغا قاراپ تىزىلىش شەكلى**

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، خەنزۇلار ئىزچىل ھالدا قەدىمكىلەر «ياخشى» دېگەننى «ياخشى»، «يامان» دېگەننى «يامان» دەپ قاراپ كەلگەن. چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقىلارمۇ شۇ خىل مەدەنىيەت دائىرىسىنىڭ تەسىرىدە كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان قاراشتا بولغان. شۇنىڭ بىلەن先، 始 لار ئالدىغا، 后، 末 لار كەينىگە تىزىلىدىغان مورفېمىلىق تەرتىپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

首尾, 前后, 始终, 古今,早晚,昼夜

**6. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قاراپ تىزىلىش شەكلى**

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن خەنزۇلارنىڭ مەسىلىلەرگە ئومۇمىي نۇقتىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. خەنزۇلاردا قەدىمكىلەردىن تارتىپلا ئومۇملۇقتىن ـ ئايرىملىققا، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشتەك تەپەككۇر شەكلى شەكىللەنگەن. بۇ خىل تەپەككۇر شەكلى بىرىككەن سۆزلەردە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقتىن، شەيئىلەرنىڭ يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قاراپ تىزىلىش پرىنسىپى شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

天地,高低, 眉目,手足,项背, 领 神

**7. بىرىككەن سۆز مورفېمىلىرىنىڭ ئاساندىن ـ قىيىنغا قاراپ تىزىلىش شەكلى**

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. كىشىلەر بىرەر ئىش قىلغاندا دائىم ئاۋۋال ئاساندىن باشلاپ، مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، ئاساس سالغاندىن كېيىنلا، مۇرەككەپلىككە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەتنىڭ تەسىرى تەگداش سۆز مورفېمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئاساندىن ـ قىيىنغا قاراپ تىزىلىش پرىنسىپىنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن:

和平,保养,赞助, 整理,牢固, 退避

خەنزۇ تىلىدىكى تەگداش بىرىككەن سۆزلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئامىللىرى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ماقالىدە پەقەت توپلىغان بىر قىسىم تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئاددىيلا تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

(بېشى 59 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر تىلىمىزدا «تەس كۈنگە قاپتۇ»، «ئېغىر كۈنگە قاپتۇ»، «قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىكەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بار. بىز باشقا تىللاردىكى سۆزلەرنى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلغاندا ئالدى بىلەن شۇ سۆزگە ئانا تىلىمىزدىكى تولۇق ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ ھەم تەرجىمە ئۆلچىمىگە ماس بولۇش، ھەم تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىپادىلەش سەنئىتى ئۈستىدە ئەقلىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئاندىن ئانا تىلدا ئىپادىلەيمىز. شۇڭا، مېنىڭچە خەنزۇ تىلىدىكى 特困 سۆزىنى «ئېغىر قىيىنچىلىق» دەپ ئېلىپ، 特困企业 نى «قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانا» دەپ، 特困户 نى «قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلە» دەپ ئىپادىلىسەك ھەم ئىخچام، ھەم مۇۋاپىق بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئىستېمال ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. كەسپداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىكى سىياسەتچانلىقى، پرىنسىپچانلىقى ۋە كەسپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك كەسپىي باشقارما بولۇپ، پارتىيىنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى، مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولغا ئىگە. بۇ باشقارما ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش يولىدا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت (كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلگەن) ئايرىلغاندا باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي تارماق بولۇپ تەسىس قىلىنغان ھەم پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شتاتى 14 دىن 20 گە كۆپەيتىپ بېرىلگەن. 1990 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە 19 دىن 21 گىچە بولغان. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن، 95 ـ يىلى 2 ـ كاتىبات باشقارمىسى (ھازىرقى 1 ـ كاتىبات باشقارمىسى) ماشىنكا بۆلۈمىدىكى 5 ئۇيغۇر ماشىنىست تەرجىمە باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، باشقارمىنىڭ ئومۇمىي شتاتى 25 كە كۆپەيگەن. شۇ چاغدا ئالىي تەرجىمان نەمەتجان ئاۋۇسمان باشقارما باشلىقى، ئالىي تەرجىمان گو جىڭگاڭ، يۈسۈپ رەجەپلەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ، ئۇنىۋان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، باشقارمىدا 4 ئالىي تەرجىمان، 4 كاندىدات ئالىي تەرجىمان، 8 تەرجىمان ۋە بىرقانچە ياردەمچى تەرجىمان بار ئىدى. 97 ـ يىلدىن بۇيان ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە، تەرجىمە باشقارمىسىدا مەمۇرلار تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، شتاتى 19 قىلىپ بېكىتىلدى، 2001 ـ يىلغا كەلگەندە، شتات 15 كە قىسقارتىلدى. باشقارمىدا ھازىر بار ئادەم 20 (تەرجىمان 15، كوررېكتور، ماشىنىست 5). باشقارمىدا 13 پارتىيە ئەزاسى بار. باشقارما باشلىقى، قوشۇمچە ياچېيكا شۇجىسى جامال ئىمىن، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سا دېجۇڭ (خۇيزۇ)، ئۆتكۈر ئوبۇلقاسىم (باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك). باشقارمىدا 2 نەپەر باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى، 4 نەپەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى بار. باشقارمىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق 5 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 16، باشقا مىللەتتىكىلەر بىردىن بولۇپ، مىللەتلەر ئىناق ئۆتىدىغان چوڭ ئائىلىدۇر.

بۇ باشقارما قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلدى:

1. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش، بېكىتىش، جۈملىدىن گوۋۇيۈەن، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن تارماقلىرىنىڭ ھۆججىتى، ھەر نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايوننىڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى ھۆججىتى، قانۇن ـ نىزام، رەئىسلەر يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى، ھۆكۈمەت ۋە رەئىس پەرمانى، ھۆكۈمەت دائىمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى، ھۆكۈمەت ئومۇمىي يىغىنى ھۆججىتى، پايدىلىنىش ھۆججىتى، رەھبەرلەرنىڭ سۆزى، ئىچكى خەۋەرنامە، تەستىق، ئالاقە، ئېلان، ئەرزىيەت ھۆججەتلىرى، تەكلىپ جاۋابى، يىغىن ئۇقتۇرۇشى، ئورگانلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھات لايىھىسى قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەپ بېكىتىش، ۋەھاكازا؛

2. ھەر خىل يىغىنىنىڭ ئېغىز تەرجىمىسى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاچقان ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي يىغىنلىرى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ پائالىيەتلەر، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىنى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئېغىزچە تەرجىمە قىلىش؛

3. قىيىن ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، «تەرجىمە كەسپىي ئۆگىنىشى» ماتېرىيالى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛

4. رەھبەرلەرنىڭ سۆزى ۋە قىسمەن ھۆججەت - ئالاقىلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى بېسىش ۋە رەھبەرلەر تاپشۇرغان باشقا تەرجىمە، خەت تىزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش؛ مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «2 يىغىن»، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرىغا ياردەملىشىپ، ئېغىز تەرجىمىسى ۋە يېزىق تەرجىمىسىنى ئىشلەپ بېرىش.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى كەسپچانلىقى كۈچلۈك، خىزمەت سالمىقى ئېغىر، خادىملارغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بىر باشقارما. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇ باشقارما قۇرۇلغان 1978 - يىلدىن ھازىرغىچە تەرجىمە قىلىنغان ھۆججەت 20 مىڭغا، خەت سانى 150 مىليونغا يېتىپ، يىللىق تەرجىمە ۋەزىپىسى 6 مىليون خەتتىن بولغان، ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تەرجىمە ۋەزىپىسى 400 مىڭ خەت بولۇپ، بەزى يولداشلارنىڭ 700 مىڭ خەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل يىغىن ۋە رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈش جەريانىدىكى سۆزلىرىنىڭ ئاغزاكى تەرجىمىسى ئۈچۈن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 ئادەم/ قېتىم تەرجىمان ئەۋەتىدۇ. تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنداش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك سىمېنا قوشۇپ ئىشلەش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ھەر جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلمەكتە.

1. كۆپ يىللاردىن بېرى ھەر يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ «تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ كەسىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» قاتارلىق بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىر ئورۇننىڭ مەسئۇلىيىتىنى شەخسلەرگىچە ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇكاپات بىلەن جازانى ئايرىپ يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئۇرغۇتتى؛ ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلدى؛ ياش خادىملارغا كۆيۈنۈپ ۋە ئۇلارغا ھۆججەت تەرجىمىسىنى بېكىتىشكە ئوخشاش نازۇك خىزمەتلەرنى دادىل تۇتقۇزۇپ، ياشلارنىڭ كەسپتە تېزدىن پىشىپ يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى.

2. باشقارمىنىڭ ئىچىدىكى ئىلمىي كەيپىياتنى كۈچەيتىپ، يولداشلارنى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بويىچە ئىلمىي ماقالە يېزىشقا ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ھەم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتۇرۇپ، يولداشلارنىڭ ئومۇمىي كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. يولداش جامال ئىمىن قاتارلىق بىرقانچە يولداشنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ بىردەك ياخشى باھاغا ئېرىشتى ۋە 1 - ، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا مۇيەسسەر بولدى. ھازىرغا قەدەر بۇ باشقارمىدىكى يولداشلار يېزىپ تۈرلۈك ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان كەسپىي ئىلمىي ماقالە نەچچە ئون پارچىدىن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى تۈزگەن ياكى تەرجىمە قىلغان ۋە ياكى تەرجىمىسىگە قاتناشقان مەخسۇس ئەسەرلەر نەچچە ئون پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ باشقارمىدىكى يولداشلار 1980 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى تەخمىنەن 10 سانىدىن «تەرجىمە كەسپىي ئۆگىنىشى» چىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەر سانىغا نەچچە ئوندىن نەچچە يۈزگىچە قىيىن ياكى يېڭى ئاتالغۇ كىرگۈزۈلىدۇ. ھازىرغا قەدەر 230 سان چىققان بۇ ماتېرىيالدا دەسلەپكى قەدەمدە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلگەن ئاتالغۇ 70 مىڭغا يېقىن بولۇپ، بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

3. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە بەنگۈڭتىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئون نەچچە كومپيۇتېر، لازېرلىق پرىنتېر، باسما ماشىنىسى، نۇسخىئالغۇ، قەغەز كېسىش ماشىنىسى، تۈپلەش ماشى-

نىسى قاتارلىق ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ، خىزمەت شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. ھازىر ھەربىر ئىشخانىدا بىردىن كومپيۇتېر بولغاچقا خىزمەت ئۈنۈمىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە جىددىي ۋەزىپە ئادەمنى پىشۇرىدۇ، كوللېكتىپنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ 20 نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخى بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى: بۇ باشقارمىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىدا ئۇدا 10 نەچچە يىل «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى»، باشقارما كوللېكتىپى بولسا كۆپ قېتىم «5 تە ياخشى مەدەنىي باشقارما» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى؛ باشقارما باشلىقى جامال ئىمىن «ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مۇنەۋۋەر تەرجىمان»نىڭ بىرى دېگەن ئالاھىدە شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى؛ جامال ئىمىن بىلەن مەخمۇت ئابدۇرېھىم تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىلدىن ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ خاتىرە مۇكاپاتى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ باشقارمىدىكى يولداشلار كۆپ قېتىم خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر مەمۇر» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت نەپەر يولداش ئۇدا ئۈچ يىل «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» ۋە «مۇنەۋۋەر مەمۇر» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، مائاشى ئۆستۈرۈلۈپ تەقدىرلەندى؛ بۇ باشقارمىدىكى يولداشلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيە ۋە نەزەرىيە ساپاسى ھەم خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، باشقارما قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان 25 يىل ئىچىدە بۇ باشقارمىدىن چىققان نازىر دەرىجىلىك رەھبىري كادىر 6 گە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 10 نەچچىگە يەتتى. بۇ يولداشلار ھەرقايسى تارماقلاردا ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلماقتا.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىكى ھەر مىللەت تەرجىمان ۋە خىزمەتچى خادىملار ئىلگىرىكىدەكلا كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپەت بىلەن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز ئورنىدا ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشماقتا.

(تەييارلىغۇچىلار: ئا. ت. مۇراد، جاۋ جېڭبى)

## ش ئۇ ئا ر 5- قېتىملىق مىللەتلەر تىل- يېزىق تەرجىمە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** ش ئۇ ئا ر تەرجىمانلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەشنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە مىللەتلەر تىل-يېزىق تەرجىمە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ۋە تەرجىمانلار ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە تەرجىمە خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر تەرجىمانلار جەمئىيىتى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى بىلەن بىرلىكتە بۇ يىل يىلنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر 5 - قېتىملىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغانىدى.

بۇ قېتىمقى باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالىلەر «ش ئۇ ئا ر تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشقا دائىر ۋاقىتلىق چارىسى(دەسلەپكى لايىھىسى)»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەرقايسى تىللار بويىچە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىش ھەمدە كۆزقاراش ئېنىق، پاكىتلار تولۇق، مىساللار ئۆلچەملىك ۋە ئورۇنلۇق، كۆزقاراش يېڭى، ئۇقۇم ئېنىق، بايان مەنتىقىلىق، تەپەككۇر يوللىرى ئوچۇق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، سۆز- جۈملىلىرى راۋان، ئېلىنغان مىساللىرى مۇۋاپىق، ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرى توغرا بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن نومۇر قويۇش ئارقىلىق باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭدا، مۇتەخەسسىسلەر دەسلەپكى قەدەمدە باھالاش سۆزى يېزىپ، ئاندىن ھەرقايسى تىللار بويىچە ئايرىلغان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قايتا قاراپ چىقتى. ئاخىرىدا بارلىق مۇتەخەسسىسلەر ھەر تەرەپلىمە نىسبەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرقى نەتىجىنى بېكىتتى. نەتىجىدە 5 پارچە ماقالە 1 - دەرىجىلىك، 6 پارچە ماقالە 2 - دەرىجىلىك، 16 پارچە ماقالە 3 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، 10 پارچە ماقالە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىز تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسى بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر ئىلمىي ژۇرنال. بىز بارلىق ئاپتورلارنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسىگە بېغىشلانغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن قىلىپ يېزىشىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىز:

1. ئورىگىنالنىڭ باش قىسمىغا ماقالە ماۋزۇسى، ئاپتور ئىسمى، ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى ياكى ئادرېسى، ئاپتور تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر)نىڭ نامى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن 5 ـ 6 قۇر ئەتراپىدا قىسقىچە مەزمۇنى ۋە ماقالىدە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزدىن 3 ـ 8 سۆز «ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ...» دەپ بېرىلىشى لازىم. «قىسقىچە مەزمۇنى»دا ماقالىدىكى مۇھىم مەزمۇن ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئىمكانىيەتى بارلارنىڭ ماقالە ماۋزۇسى بىلەن ئۆز ئىسىم فامىلىسى ۋە ئادرېسىنىڭ خەنزۇچىسىنى ئۆلچەملىك يېزىپ قويۇشىنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىمىز.

2. ئورىگىنالنىڭ ئىملاسى توغرا بولۇشى، تېكىست ئىچىدە كەلگەن ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىن باشقا ھەرقانداق يېزىقتىكى يازمىلار باسما شەكلىدە ئوچۇق يېزىلىشى، قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئورىگىنال بولسا بېسىپ چىقىرىلغان نۇسخىسى چاپلاپ قويۇلغان بولۇشى كېرەك.

3. تەرجىمە قىلىش ياكى باشقا تىلدىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ماقالىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەرقانداق مىللەتكە تەۋە بولغان كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي نامىلىرى ۋە ئۇيغۇرچىدا تېخى ئومۇملاشمىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىي مەنبە تىلدىكى يېزىلىشى تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىلىشى كېرەك (بىزدە ئومۇملىشىپ بىرلىككە كېلىپ بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

4. مىسال قىلىپ ئېلىنغان ياكى تېكىست ئىچىدە كەلگەن باشقا مىللەت تىلىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە توغرا تەرجىمىسى تىرناق ئىچىدە ئېنىق بېرىلىشى كېرەك (پايدىلانمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

5. ماقالە يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللار «پايدىلانمىلار:» دەپ، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە رەتلىك يېزىلىشى كېرەك:

[رەت نومۇرى] ئەسەر ئىگىسىنىڭ نامى: ئەسەر نامى (ئەگەر ئۇ ئەسەر توپلام، ژۇرنال، گېزىتلەرگە بېسىلغان بولسا، بېسىلغان نەشر بۇيۇمىنىڭ نامىدىن كېيىن توپلامنىڭ جىلد نومۇرى، ژۇرنالنىڭ يىل سانى، گېزىتنىڭ نەشر قىلىنغان يىل، ئاي، كۈنى بېرىلگەندىن كېيىن بەت نومۇرى بېرىلىدۇ). نەشر قىلىنغان جاي ئىسمى: نەشر قىلغۇچى، نەشر قىلىنغان ۋاقتى. پايدىلانغان بۆلەكنىڭ بەت نومۇرى (ئۈلگىسىنى ژۇرنىلىمىزدىكى ماقالىلەردىن كۆرۈڭ!)

6. بىز ئاپتورلارنىڭ ئورىگىناللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىشىنى ۋە ئورىگىنالغا قوشۇپ ئىمكان بار ماقالە دىسكىسىنى (فاڭجېڭ سىستېمىسىدا ئۇرۇلغان بولۇشى كېرەك) بىللە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز. بېسىپ چىقارغان ئورىگىنالنىڭ خەتلىرى ئوچۇق، چوڭ (3 ـ ھەرپ)، قۇر ئارىلىقى كەڭ بولۇشى، بىر بەتتە 20 قۇردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن ماقالىلەر 13 ـ 15 قۇرلۇق ئورىگىنالغا رەتلىك، ئوچۇق يېزىلىشى، قەغەز يانلىرىدىكى بوش ئورۇنلار ئاق قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

7. ئالاقىگە ئاسان بولۇش ئۈچۈن ماقالە ئاخىرىغا ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفونى (ئىشخانا، ئۆي ۋە چاقىرغۇ نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تولۇق يېزىلىشى كېرەك.

8. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن ئورىگىناللار ئىشلىتىلسۇن ـ ئىشلىتىلمىسۇن، بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، ئاپتورلار بىر نۇسخىنى ئۆزلىرى ساقلىشى كېرەك.

مۇشۇ ئېلان بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ، يۇقىرىقى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن يېزىلمىغان ئورىگىناللار قوبۇل قىلىنمايدۇ. بارلىق ئاپتورلارنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز نەشردىن چىقىپ بىر ئاي ئىچىدە ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئىملا خاتالىقىنى بايقاپ ، بىزگە تۇنجى بولۇپ مەلۇم قىلغۇچىغا خاتا كەتكەن ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن بىر يۈەندىن نەق پۇل مۇكاپات بېرىلىدۇ.

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسى بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، ئۇ كەڭ تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە خادىملىرىنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان، ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىپ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان خالىس مۇنبەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنى سۆيىدىغان، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيىسىنى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت تىللىرى، شۇنداقلا چەت ئەل تىللىرى بويىچە چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش قابىلىيىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ ئىشەنچلىك دوستى.

ژۇرنىلىمىز ھەر ساھەدىكى كەڭ تىل ـ يېزىق خادىملىرى، تەرجىمانلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ھەمدە خەنزۇ ۋە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، پەن تەتقىقات خادىملىرى، تەرجىمە ھەۋەسكارلىرى ۋە ئانا تىلىنى سۆيىدىغان، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىۋاتقان، ئۆزىنىڭ تىل بىلىمىنى ئۆستۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ جېنىغا ئەسقاتىدۇ، ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ!

ئۆزىڭىزدە زىيالىيلارغا خاس ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەي دېسىڭىز، تىل بىلىملىرى بىلەن زېھىن قۇۋۋىتىڭىزنى ئۇرغۇتاي دېسىڭىز، ئۇيغۇر تىلى ۋە چەت ئەل تىلى قابىلىيىتىڭىزنى پىشۇراي دېسىڭىز، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئىگىلەشنىڭ ئاساسى بولغان تىل بىلەن قوراللىناي دېسىڭىز، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پۇل ئەۋەتسە، تەھرىر بۆلۈمىمىز پوچتا ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ژۇرنىلىمىز پەسىللىك، 80 بەتلىك ژۇرنال بولۇپ، پارچە باھاسى 5.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 20.00 يۈەن.

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 16 ــ 58؛
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:CN65—1016/H
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: Q1114

پوچتا نومۇرىمىز: 830001
تېلېفون: (0991) 2887942
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 41 ـ قورۇ ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

(邮编：830001;乌鲁木齐市新华南路 41 号自治区民语委《语言与翻译》杂志社维编部)

**«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# ئۆز ئورنىدا ئۈن- تىنسىز تۆھپە يارىتىۋاتقان ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى

( تەپسىلىي خەۋىرىنى 72 - بەتتىن كۆرۈڭ )





تەرجىمە باشقارمىسىدىكى بارلىق تەرجىمان ۋە ماشىنىست ، كوررېكتورلار



تەرجىمە باشقارمىسىدىكى بىر قىسىم ئايال تەرجىمان ، ماشىنىست ۋە كوررېكتورلار



جىمە باشقارمىسىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى ۋە تايانچ تەرجىمانلىرى



تەرجىمە باشقارمىسىدىكى بىر قىسىم تەرجىمانلار



ەرجىمە باشقارمىسىدىكى ماشىنىست ۋە كوررېكتورلار

ئۆز ئورنىدا ئۈن- تىنسىز تۆھپە يارىتىۋاتقان ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسى

( تەپسىلىي خەۋىرىنى 72 - بەتتىن كۆرۈڭ )



رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى، باش كاتىپ ئايۇپ تىيىپ، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈ جېڭگۇيلار تەرجىمە باشقارمىسىدىكى بارلىق خادىملار بىلەن بىللە



رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى تەرجىمە خىزمىتىگە، جۈملىدىن بەنگۇڭتىڭنىڭ تەرجىمە باشقارمىسىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ.
سۈرەتتە: رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى، باش كاتىپ ئايۇپ تىيىپلار تەرجىمە باشقارمىسىدىكى يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جامال ئىمىن (ئوڭدىن 1 - كىشى) باشقارما رەھبەرلىرى بىلەن خىزمەت ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشمەكتە.


国际标准刊号：ISSN1002—9036
国内统一刊号：CN65—1016/H
国外发行刊号：Q1114
邮局代号：58—16
定　价：5.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى ISSN1002—9036
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1016/H
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: Q1114
پوچتا ئاگېنت نومۇرى: 58—16
باھاسى: 5.00 يۈەن